

# شنجاڭ مەدەنيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

6
1990

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئاتاقلق قازاق شائرى تاڭجارق جولدبايۇ (1947 — 1903)

سۈرەتنى تۈردى ئبلى تەمنلگەن

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

39- يىل نەشرى 1990 - يىل 6- سان (ئومۇمىي 187- سان)

## بۇ ساندا

بېيجىڭ سەنئىتىدىكى گۈل-غۇنچىلارغا ........ (شېئىر) .................... سەيپىدىن ئەزىزى 2

مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

سەنئەت خەۋەرلىرى .............. ئابلەتجان ئەھمىدى، تۇردى مەتنىياز، پاتىگۈل مۇھەممەت 3

مۇزىكا گۈلزارى

بارچە مىللەت ئىتتىپاق ...... شېئىرى: مۇھەممەت زۇنۇننىڭ، مۇزىكىسى: ئىسمائىلجان ئۆمەرنىڭ 5

ئەدەبىيات گۈلزارى

تۈگىمەس چۈشلەر .................. (پوۋېست) ...................... مۇھەممەت باغراش 6

كۆرۈنمەس تامچا .................. (ھېكايە) .................... ئابباس مۇنىياز 52

ياۋروپادا تۇغۇلغان شېئىرلار ........................................ قۇربان بارات 41

دۇنياغا نەزەر

ھازىرقى زامان ئۇسسۇلىنىڭ ئانىسى ................................... ئەنۋەر توختى 47

تۇرمۇش ئەينىكىدە

«كوچا چاچتۇۋسى» توغرىسىدا ............ (فېليەتون) .................. ھېزىم تاسىم 65

ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا ........................................ 70

چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم .............. (ھېكايە) .................. ئەزىز نەسىن 73

خەتتاتلار مۇنبىرى

ھۆسنخەتلەر .............................................. ھاجى ئەھمەت يازغان 80

مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى داۋۇتجان ناسىر (1988—1940) ئىمىنجان ئابدۇرېھىم سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: قايىنام - تاشقىنلىقتا چوڭگەن ئىمەزى مەدەنىيەت پائالىيىتى (تەشۋىقات رەسىمى) پەرداز ئىبراھىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمەمەت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:

مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت ئاتىلىق، ئىبراھىم پەخرىددىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# بېيجىڭ سەھنىسىدىكى گۈل-غۇنچىلارغا

سەيپىدىن ئەزىزى

شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى 11-نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ سەنئەت بايرىمىدا ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئېلىپ تەكلىپ ئالدى. پايتەختتە ئوينىغان ئۈچ مەيداندىكى ئويۇن جۇڭگو ۋە چەتئەللىك تاماشىبىنلارنىڭ ھەم ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىككى مەيدان كېچىلىك ئويۇنىنى كۆتۈرۈۋالدى. بۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدە ئىشلەۋاتقان چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئېسىل مىللىي ناخشا-ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ھەر قايسى ئەل مۇتەخەسسىسلىرى كونسېرت نومۇرلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردى. ئويۇن باشتىن-ئاياغ قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىۋەنجاڭى يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن يازغان «بېيجىڭ سەھنىسىدىكى گۈل-غۇنچىلارغا!» ناملىق شېئىرىنى ئېلان قىلدۇق.

— مۇھەررىردىن

ناخشا-ئۇسسۇل ماكانىنىڭ گۈلزارىدا،
يايراپ-كۈلگەن گۈزەل غۇنچە-گۈللەرنى كۆردۈم؛
گۈل پەيزىگە پەرۋانە، ئاشىق مەردانە،
خەندان ئۇرۇپ شوخ سايرىغان بۇلبۇلنى كۆردۈم.

ھۆسنىگە تولۇپ كۈلگەندە غۇنچىلەر،
ئاشىق بۇلبۇل كۈلەر، ئۇنىڭچە شاد-خۇرام؛
گۈلباغ ئىچرە جاراڭلىسا نەغمە-ناۋا،
دوست-يارانلار كۆڭلىگە بېرۇر ئارام.

ئەل سەنئىتى كۆپىدا قىلساڭ ئەمگەك،
ئەڭ ئالىي مۇكاپاتتۇر خەلق ئىززىتى؛
بىر ئۆمۈر ئەل بەختىگە تۆھپە قوشساڭ،
ساڭا بەخت-شان، شەرەپتۇر خەلق ھۆرمىتى.

سايرا-ئوينا، ئوينا-سايرا جۈرئەت بىلەن،
باغقا تولسۇن يەنە كۆپلەپ گۈزەل گۈللەر؛
گۈل بەرگىدە چاقنىغان تامچىلاردىن،
يايرىسۇن-ئارام ئالسۇن تەشنا دىللار.

1990-يىل 26-سېنتەبىر، بېيجىڭ




## شەرق سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام»نى قايتىدىن تولۇقلاپ رەتلەپ چىقىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى

ئەمەتجان ئەھمەدى

(شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ باشلىقى)

بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ «خەلق سارىيى»دا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، قايتىدىن تولۇق يۈرۈشى بويىچە رەتلەپ چىقىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يەنە بىر شانلىق نەتىجە. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئېلىمىز خەلقىنىڭ كلاسسىك مىللىي سەنئەت ساھەسىدىكى شايەت زور زەپەر تەنتەنىسى.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان «12 مۇقام» ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەققىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسەرى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك — بىباھا مىراس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھوزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممەتكە ئىگە.

«12 مۇقام» ئەلنەغمە، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنتايىن قويۇق خەلق ئاھاڭلىرى خۇسۇسىيىتىگە، يارقىن مىللىي خاسلىققا، روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە، سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا، مول ئاھاڭدارلىققا، مۇرەككەپ-قىيىن ئۇدار-رىتىمچانلىققا ئىگە.

غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان، يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا بايلىقى «12 مۇقام» 12 پارچە مۇزىكا قامۇسى بولۇپ، ئۇلار: راك مۇقامى، چەببىيات مۇقامى، مۇشاۋرەك مۇقامى، چارىگاھ مۇقامى، پەنجىگاھ مۇقامى، ئۆزھال مۇقامى، ئەجەم مۇقامى، ئۇششاق مۇقامى، باياتى مۇقامى، ناۋا مۇقامى، سىگاھ مۇقامى، ئىراق مۇقامىدىن ئىبارەت.

ھەر بىر مۇقام ئۆزگىچە كۈي شەكلى ۋە خىلمۇ-خىل ئاھاڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن تەركىبلەنگەن.

«12 مۇقام» ئەزەلدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەنىدى. تارىختىن بۇيان فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن مۇقامچىلار بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن، شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە «12 مۇقام»نى بىرقەدەر تولۇق ئېيتالايدىغان ئىككى، ئۈچ نەپەر ياشانغان مۇقامچىلارلا قالغان بولۇپ، «12 مۇقام» يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسىنى جىددىي




(1990-يىل 2-سان، ئومۇمىي 6-سان)

www.uyghurkitap.com

قۇتقۇزۇۋېلىشتا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ «شىنجاڭ مۇزىكا خىزمەت گۇرۇپپىسى»نى قۇردى.

بۇ گۇرۇپپىدىكى ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىق 12 نەپەر ھەر مىللەت مۇزىكا خادىملىرى ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا (1881 ـ 1956) بىلەن

ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ ئېيتىپ ساقلاپ كەلگەن «12مۇقام»نى توپلاش، لېنتىغا ۋە نوتىغا ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۈچ يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە، تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ھوشۇر ئاخۇن ئورۇندىغان نۇسخىدا ئاساسەن نوتىغا

ئېلىنغان «12 مۇقام» 1960 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن مۇزىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىككى توملۇق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى.

1978 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام تەتقىقات

ئىشخانىسى قۇرۇلدى. شۇ ئاساستا 1989 ـ يىلى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن «12 مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق

قىلىش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. كۆپ يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىش، ئىشلەش ئارقىلىق بۇيىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا «12 مۇقام» ئاساسىي جەھەتتىن قايتىدىن تولۇق يۈرۈشى بويىچە رەتلەپ چىقىلدى.

مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ھوشۇر ئاخۇن ئورۇندىغان نۇسخىدا ئاساسەن 1960 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «12 مۇقام»نىڭ پۈتكۈل ئاھاڭلىرى 245 نەغمە، 2482 مىسرا تېكىستتىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ئاساستا بۇ قېتىم قايتا تولۇقلاپ رەتلەپ چىقىلغان «12 مۇقام»نىڭ پۈتكۈل ئاھاڭلىرى 320 نەغمە، 3123 مىسرا تېكىستتىن تەركىب تاپتى.

ھازىرغا قەدەر «12 مۇقام»دىن داۋا مۇقامى، پەنجىگاھ مۇقامى، مۇشاۋرەك مۇقامى، ئۆزھال مۇقامى، ئەجەم مۇقامى قاتارلىق ئالتە مۇقامنىڭ لېنتىسى

قىلىپ ئىشلىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلدى. قالغان يەتتە مۇقامنى قاپلىق لېنتىغا ئېلىپ تارقىتىش خىزمىتى كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىنىپ بولىدۇ.

مۇقامنى سەھنىلەشتۈرۈش خىزمىتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەندى. «چەبىيات مۇقامى» 1986 ـ يىلى 10 ـ

ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاۋازى مۇزىكا كېچىلىكى»گە، 1987 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «4 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمى»غا، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا تۇنجى قېتىملىق «جۇڭگو سەنئەت بايرىمى — تەڭرىتاغدا كۈز» سەنئەت بايرىمىغا، 1988 ـ يىلى

7 ـ ئايدا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «4 ـ نۆۋەتلىك غەربىي شىمال مۇزىكا ھەپتىلىكىنىڭ شىخەي مۇزىكا كۆرىكى»گە، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا سەنئەت بايرىمى»غا ۋە بۇ يىل 3 ـ ئايدا پاكىستاندىكى ئويۇن قويۇشقا

قاتناشتۇرۇلۇپ جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

## ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرى باشلىقلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

**تۇردى مەتنىياز، پاتىگۈل مۇھەممەت**

**(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى)**

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرى باشلىقلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

يىغىندا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇش مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى ئاساسىدا چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. يىغىندا مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي شەكىل ۋە مىللىي خاراكتېر ئارقىلىق سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش، ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى رولىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلار مۇھاكىمە قىلىندى، تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەندى، ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلدى.

يىغىنغا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن، يۈننەن، گۇيجۇ، خېنەن ئۆلكىلىرىدىكى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 32 كىشى قاتناشتى. كۆپچىلىك يىغىن جەريانىدا سانجى، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرى باشلىقلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 1 ـ قېتىملىق يىغىنى 1987 ـ

يىلى 10 ـ ئايدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى كۆكخوت شەھىرىدە چاقىرىلغانىدى.


بارچە مىللەت ئىتتىپاق
B=1 3/4

# تۈگمەس چۈشلەر





(پوۋېست)

مۇھەممەت باغراش

1

بىز ئاخىرى ئاجرىشىدىغان بولدۇق ۋە ئىدارىمىزدىن ئالىدىغان رەسمىيەتلەرنى ئېلىپ رايونلۇق نىكاھ ئىشلىرى بۆلۈمىگە ماڭدۇق. بۇ بىزنىڭ بۇ يولدا تۆتىنچى قېتىملىق مېڭىشىمىز ئىدى.

ئۆيدىن بىللە چىقتۇق. لېكىن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ مەن ئالدىدا ئۆتۈۋالدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغۇم يوق ئىدى، شۇنداقلا، ئۆزۈمنىڭ ئاجرىشىشتىكى تەشەببۇسكار ئىرادىمنى نامايەن قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىماقچى ئىدىم.

لېكىن... راستىنى ئېيتسام ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىمۇ غەش ئىدى. نېمىلا قىلغان بىلەن ئۆزۈم ياخشى كۆرۈپ ئالغان خوتۇن. ئالتە - يەتتە يىلدىن بېرى بىر تەكىيىگە باش قويدۇق، بىر - بىرىمىزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيۈنىدە قايىندۇق. ئۇ مېنىڭ جاپايىمنى ئاز تارتمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ دەردىنى ئاز چەكمىدىم... ئۆگىنىپ قالغان تاماكىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ - يۇ، ئوڭاۋقى تۇتقاندا مېنى بېشىغا ئېلىپ ئەر تاللىغان قەددىناس خوتۇننى قويۇۋېتىشكە چىدىماق ئوڭاي گەپمۇ؟

ئىچىمنىڭ بىر يېرىنىڭ ئاچچىق ئېچىشىۋاتقىنىنى سەزمەكتىدىم. مېنىڭ ئۇنى تاشلاپ ئالدىغا چۈشۈپ شاپاشلاپ مېڭىشىم يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمدىكى مۇشۇ غەشلىكنى ئۇنىڭغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى. «ئەركەك دېگەن ئۇنداق بوشاڭ بولمايدىغان، چىدىغانغا چىقارغان، ئەمدىكى جىمى بولغۇلۇقنى مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ ئەركەكلەرچە كۆتۈۋالاي...» دەپ ئويلىدىمەن. شۇڭا مەن، گويا جەڭگە ماڭغان ئەسكەردەك مەردانە قەدەم تاشلاپ كېتىپ باردىمەن. گاھى - گاھىدا ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، قەدىمىنى چوڭ ئېلىشقا تىرىشىمۇ مېنىڭ تۆگىمدەك چامداپ مېڭىشلىرىمغا يېتىشەلمەي مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ ئاران كېلىۋاتقان خوتۇنۇمغا، كۆزۈمدە زەھەرلىك ئوت ياندۇرۇپ ئالىيىپ ئۈنسىز قاراپ قويىمەن.

رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە خوتۇنۇم ئاران يېتىشىۋالدى. ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ قالاي دېگەنىدى. نەپەسى نەپەسىگە ئۇلاشمايتتى. يۈرەك سانجىقى تۇتقان ئادەمدەك چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلەتتى.

— يەنە يۇنداگىنى ئېقىتقىلى تۇردۇڭمۇ؟ — مەن خوتۇنۇمنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدىم، — بۇ يەرگە ئۆزلىرى پۈتۈشكەنلەر كېلىدۇ، بۇنداق ماشىلىدىغىلى تۇرساڭ بىزنى ئاجراشتۇرامدۇ؟ بۇنداق قىلساڭ ئىشنى بۇزىسەن، سوتقىلا ئەرز قىلايمۇ - يا؟ قايسىغا تۇرىسەن؟

خوتۇنۇم تېخىمۇ ئەدەپ يىغلاپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ كۆز يېشىنى سۈرتتى:

— بولدى، يىغلىماي... سىز... سىزلا خۇشال بولىدىغان ئىش بولسا... مەن ھەممىگە رازى...، — ئۇ يەنە ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا خوتەن دەمىدىرىدەك بۇقۇلدىماي كۈلۈپ كىرمەمسەن؟

ئايالىم ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى:

— مۇشۇ ھالدا كۈلەلەمدىم؟ مەن كۈلەلەيمەنمۇ؟ سىز كۈلۈۋېلىڭ...

— كۈلەلمىسەڭ، ھېچ بولمىسا...، — دېدىمەن ھېجىيىپ تۇرۇپ. ئۇ تېخىمۇ بەكرەك ماشىلىدىغىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

بىر كەمدە ئۇ ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ ماڭدى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى ئاجىزلىقنىڭ ئورنىنى بىر خىل بىشەملەرچە سۈرۈنلۈك ئىگىلىگەنىدى.

بىزنى ئاق پىشماق، دوغلاقتىنە كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كۈتۈۋالدى. بۇ ئايال بىلەن ئانچە - مۇنچە تونۇشاتتۇق، بىرەر ئايدىن بۇيان «سالام - سەھەت» قىلىشىۋاتىمىز.

— يەنە كېلىپسىلەر - دە؟! دېدى ئۇ ئايال بىزگە ئەيىبلەش، ئېچىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىك نەزەرىدە كۆز سېلىپ. مەن ئىشىمىزنى ئىتتىكرەك پۈتتۈرۈپ بېرەرمىكىن دېگەن تەمە بىلەن ئۇ خوتۇنغا خۇشامەت ئارىلاش ھىجايدىم:

— بۈگۈن ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇپ قالار، ھەدە.

ئۇ خوتۇننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. يۈرىكىم مۇزلىغاندەك بولدى. بۇ ئايال نىكاھ خىزمىتى بىلەن 30 يىلدىن بېرى ھەپىلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ جەھەتتە قالتىس تەجرىبىلىك ھەم بىلىملىك ئىدى. «كۈنىگە 30 ئادەمنى كۈلدۈرۈپ، 30 ئادەمنى يىغلىتىپ چىقىرىۋېتىدۇ، بەك يامان خوتۇن، يۈۋاش تۇرمىساڭ زەھرىنى تىقىپ پوسكايتىۋېتىدۇ...» دېيىشكەنىدى ئاغىنىلەر بۇ ئايال توغرۇلۇق.

مەن «غىققىدە» بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئايال مەندىن نەزەرىنى يۆتكەپ، ئايالىمنىڭ سولغۇن ۋە تاتارغان ئۈمىدسىز چىرايىغا دىققەت بىلەن ئۈنچىقماي تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئايالىمغا ئاشكارىلا ئىچ

ئاغرىتمىۋاتاتتى. ھەممىسى بىر خوتۇنخەق. تەلا بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئايال ماڭا دوق قىلغاندەك دېدى:

— قېنى قەغەزلىرىڭلار؟

مەن ئالدىراپ قەغەزلەرنى ئۇزاتتىم. ئۇ ئايال قەغەزلەرگە تىكىلىپ يەنە بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن «قاچانغىچە كۈتىمىز؟» دېگەندەك قىلىپ كېلىمىنى ئەتەي كۆچ بىلەن قىرىپ قويدۇم. ئايال ئاخىرى قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە بىزگە قاراپ دېدى:

— ھەي ئىككىڭلار زىيالىي، بىر - بىرىڭلارغا شۇنچىلىك ياراشقان ئەر - خوتۇن ئىكەنسىلەر، ئالتۇندەك بىر ئوغلۇڭلار بار ئىكەن... لېكىن شۇنچە خىزمەت ئىشلىسەكمۇ بولمىدى، نېمە تالىشىسىلەركىنتاڭ؟ بىرىڭلار يازغۇچى، يەنە بىرىڭلار مۇئەللىم، — ئۇ، مەيىقىنى قېشايتىپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — تەربىيىلىگۈچىلەر، باشقىلارنى مۇشۇنداق تەربىيىلەمسىلەر؟...

مەن «ھۆپپىدە» قىزىرىپ كەتتىم ۋە ئاغزىمنى ئۆمەللەۋېرەك توختاپ قالدىم. نېمىلا دېسەم بىكار ئىدى.

— بوپتۇ. ئاجرىشىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، مۇبادا پۇشايمان قىلىپ «يېڭىشىۋالىمىز» دەپ كەلسەڭلار خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمىز. مېنىڭچە، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قالماي پۇشايمان قىلىسىلەر، — ئۇ ئايال ئاخىرى تارتمىسىنى تاراقلىتىپ ئاچقىلى تۇردى.

— مەن بىزارمەن بۇنداق تۇرمۇشتىن، ئىككەكەمبا ئىككىنچىلەپ...، — دەپ سالدىم ئۆزۈمنى باسالماي.

— مەنمۇ تويدۇم بۇنداق خورلۇقتىن...، — دېدى ئايالىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— بۇرنى - قۇلىقىمغىچە تويدۇم، — دېدىم مەن ئايالىمغا قارىماي تۇرۇپ.

— تارتمىم يېرىمىغۇدەك بولدى، — دېدى ئايالىم ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا چەكچىيىپ.

......

ئايالىم بىردىنلا «ھۆ» تارتىپ يىغلىۋەتتى. مەن بوغۇزۇمغا كەلگەن كېپىنى يۇتۇۋېتىپ جىم بولدۇم. ئايالىم ئەزەلدىن يىغىسى بىلەن قورقۇتۇپ كەلگەنىدى. بىرەرسى يىغلىسا چىدىمايدىغىنىمنى بىلەتتى.

مەن ياردەم تىلىگەندەك ھېلىقى ئايالغا قارىدىم. ئۇ ئايال قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، ئايالىمنى بەزلىگىلى تۇردى.

## 2

شۇنداق قىلىپ بىز ئاجراشقان بولدۇق. مەن رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن چىقىپ بىر شائىرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان خاتىرىلەش پائالىيىتىگە كېتىپ قالدىم. قەلبىمدە غەشلىك ئارىلاش «ئازادىلىق» تۇيغۇسى مەۋجلىنەتتى. زىياپەتتە يەپ - ئىچىپ، ئويناپ كۈلۈپ يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيگە قايتتىم. ئىلگىرى ھەرگىزمۇ بۇنداق كەچ قالمايتتىم. مەن كەلگىچە ئايالىم پەلەمپەيدىن كېلىدىغان ھەر بىر تىۋىشقا قۇلىقىنى تىكىپ ئىشىككە قادىلىپ تاماقنى يېمەي ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىراغنى ياندۇردۇم، ھۇۋۋىلاپ قالغان بوش ئۆي مېنى تەرى سۈرۈنلۈك بىلەن كۈتۈۋالدى. قارىسام، كارىۋىتىمغا ئورۇن سېلىقلىق تۇرىدۇ. ئۆيلەر پاك - پاكىز، ئايالىم كىچىككىچە ئۆيدە بولغان ئوخشايدۇ. يېزىقچىلىق ئۈستىلىدە تۇرغان كېچىككىنە باغاقچىغا كۆزۈم چۈشتى. غىلايغان كۆزلىرىمنى قىسىپ باغاقچىغا تىكىلدىم ۋە «ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ۋاقتىدا تاماق يەڭ، قولىڭىزدىكى ئەسەرنى پۈتتۈرۈۋېتىڭ، يېرىم يولدا تاشلاپ قويماڭ. قازاندا تاماق بار، يەپ يېتىڭ» دېگەنلەرنى ئاران ئوقۇدۇم. باغاقچىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ تۇۋاقنى ئاچتىم. بىر چىنىدە لىققىدە پىشۇرۇلغان گۆش بار ئىكەن. مەن تۇۋاقنى يېپىپ قويۇپ يالىڭاچلانغان تاملارغا، كۆچۈرۈپ كېتىلگەن نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھاڭقىيىپ قالغان ئورۇنلىرىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. بىردىنلا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلاشقاندەك بولدى. ئازدىراق ئىچىپ قويسام، ياكى بىرەر ئىنىستىن خاپا بولسام سوغۇق چاي ئىچىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. چەينەكنى كۆتۈرسەم ئاچچىق دەملەپ قويۇلغان سوغۇق چاي بار ئىكەن. ئايالىم كېتىدىغان چاغدا مۇشۇنىمۇ ئۇنتۇماپتۇ. مەن يېرىم چەينەك چاينى بىر كۆتۈرۈشتىلا غورتىلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، قازاندىكى گۆشنىمۇ يېمەي كېيىملىرىم بىلەنلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. تۈگىمەس ۋە ئازابلىق خىياللار ئىچىدە لەيلەپ يېتىپ بىر كەمدە ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

3

مەن دەررۇ ئۆيلەنمەكچى ئەمەس ئىدىم. «ئەركىنلىك»نىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقىنىم كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي تۇتتۇم دەپ تارتىپ كەتكەن كۆلپەتلىرىم كۆڭلۈمنى سوۋۇتقانىدى. شۇڭا ئايالىمدىن ئاجرىشىپ خېلى ئۇزۇنغىچە قايتا ئۆيلىنىش توغرىسىدا ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىدىم. دېمىسىمۇ ھازىر ئۆزۈم «بەگ»، ئۆزۈم «خان». بىر ئۆينىڭ دەردى - بالاسىدىن، دىشۋارچىلىقىدىن قۇتۇلدۇم. ھېچنەرسىدىن غېمىم يوق. نەگە بارىمەن، نەدە تۇرىمەن؛ ئۆزۈمنىڭ ئىشى، ئېيىزدىكى يوق، سورىدىقى يوق. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق يەنە نېمە كېرەك ماڭا؟ ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ چالا تاشلاپ قويغان بىر مۇنچە ئەسەرلىرىمنى پۈتتۈرۈۋالدىم. ئۆزۈم خاتىرجەم بولغاچ كاللامدا يېڭى - يېڭى پىكىرلەر تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. يېڭىدىن - يېڭى پېرسوناژلار كۆز ئالدىمدا جانلىنىدۇ. ئىلگىرى يازالمىغان مۇھەببەت تېمىسىدىمۇ ئەسەر يازالايدىغان بولدۇم. «قايسى دۇنيا جەننىتى بۇ؟» دەپ ھېچكىم كۆزۈمگە كىرىۋالمايدۇ... ئوقۇيالمىغان كىتابلىرىم بار ئىدى، ئەمدى ئۇلارغا نۆۋەت كەلدى. ھېچ ئىش تاپالمىسام ئىشكىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ئەتىدىن كەچكىچە كىتاب ئوقۇيمەن، خىيال سۈرىمەن، ئويلايمەن. يەنە ئوقۇيمەن. ئۇھ... بۇ راھەتنى! «نېمانچە خىيال سۈرۈپ كېتىسىز، كەلمىگىنىز يادىڭىزغا كېچىپ قېلىۋاتامدۇ» دەپ ھېچكىم بېشىمنى ئۇچاق ئەتمەيدۇ. تۇۋا! خىيال سۈرۈش ھەققىمۇ بولمىغانىكەن، ماڭا ئەمدى خىيال دېگەننى مۇنداق سۈرىدىغان... ھېكايىلەردە: «كۈنلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى، بىرىنى - بىرى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە» دەپ يېزىشىدۇ. مېنىڭ كۈنلىرىممۇ بىرىنى - بىرى قوغلىشىپ - يۈگۈرۈپ، چېپىشىپ ئۆتمەكتە. لېكىن... لېكىن... ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئاشۇ چاپقۇر كۈنلەرنىڭ ئايىغى تېيىلىپ قەدىمى ئاستىلاپ قالغاندەك بولدى. ھەتتا ئاخىرىغا بېرىپ بۇ كۈنلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك دەرماندىن كەتتى. كۈنلەر ھالسىراپ قېلىۋاتاتتى، ماڭا بىر كۈننى ئۆتكۈزمەك تەس بولۇپ قالدى. كۈنلەر بەكمۇ ئاستا ئۆتەتتى.

قورساق غېمى يامان ئىدى. «ئۇنىڭغا بۇنىڭغان» دېگەندەك، قولۇمدىن قايناق سۇ قاينىتىشتىن ئۆزگە ئىش كەلمەيتتى. قۇرۇق نان بىلەن چاي، تاماق ئەمەس ئەلۋەتتە!

ئەتىگىنى سەھەر ئويغىنىمەن، بىر ۋاقىتقىچە ئورنۇمدا يېتىپ كىتاب كۆرىمەن، خەق ئىشقا ماڭغاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈزۈمنى يۇيىمەن-دە، ئاشپۇزۇلغا يۈگۈرىمەن. بېرىپ كەلگىچە بىرەر - ئىككى سائەت ئۆتىدۇ. قايتىپ كېلىپ يېزىقچىلىق ئۈستىلىمنى تېپىپ بولغۇچە كۈن چۈش بولىدۇ، يەنە ئاشپۇزۇلغا يۈگۈرىمەن. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىپ يەنە يېزىقچىلىق ئۈستىلىگە كېلىمەن-دە، ئويقۇمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنى - بۇنى قىلىپ ئولتۇرۇپ باقىمەن. چالا ئويقۇلۇقتا كاللامغا ھېچنەرسە كەلمەيدۇ. «ئىلھام ئاتلىق نەدىسەن!» دەپ ۋارقىرىغۇدەك بولىمەن. بىر كەمدە كاللامغا «ياللىت»قىلىپ بىر نەرسە كەچكەندەك بولىدۇ-دە، دەررۇ قەلەمنى قولۇمغا ئالىمەن ۋە ئالدىراپ - تېنەپ ئوڭ - تەتۈر

www.uyghurkitap.com

چىچاشقا باشلايمەن. پېرسوناژىمىنىڭ قاش-كۆز، بۇرۇنلىرىنى ياساپ بولۇپ ئەمدى ئېغىز، چىش، لەۋلىرىنى «ياساي» دېيىشىمگە بىردىنلا قورسىقىم غولدۇرلاشقا باشلايدۇ. ئېغىز، چىش، كالپۇك دېگەنلەر تاماق يەيدىغان ئەزالار بولغاچقا مۇشۇ ئەزالار ھەققىدە ئويلىشىم ھامان تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ قورسىقىدا ئىنكاس پەيدا بولىدۇ (بۇ، ئىنسانىدىكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىنارامىتى بولسا كېرەك). قورساق غولدۇرلاشقا باشلىغاندىن كېيىن كاللام ئىشلىمەي قالىدۇ. تەساۋۋۇرۇم شۇ ھامان ئاشپۇزۇل تامان پەرۋاز قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قەلەمنى تاشلاپ ئۆزۈم چاپىمەن... شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر مۇقەددەس ئىجاد كۈنۈمنى ئاشپۇزۇل بىلەن يېزىقچىلىق ئۈستىلى ئارىلىقىدا تىنىمسىز قاتىراش بىلەن ئۆزىتىمەن ...

بىزنىڭ بۇ يەردە كۆڭلەكنى پەقەت بىر كۈنلا كىيىش مۇمكىن، ئىككىنچى كۈنىگە قالسا كۆڭلەكنىڭ ياقىسى جۇۋازچىنىڭ پېشىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، كىرئالغۇ دېگەن ئوقەت چىقىپتىكەن. (شۇنى ئىختىرا قىلغان ئادەمنىڭ روھى جەننەتتە بولغاي!) ئىككى كۈندە بىر قېتىم غولدۇرلىتىپ كىر يۇيىمەن. ئەتىگەندە يۇيۇشقا باشلىسام قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران تۈگىتىمەن. ياق، تۈگىتىمەن ئەمەس، ئاران توختايمەن. چۈنكى بىر قېتىمدا قانچىلىك سۇغا قانچىلىك سوپۇن سېلىپ، قانچە ۋاقىت «غولدۇرلىتىپ» قانچىلىك كىيىم-كېچەكنى يۇيغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇڭا، ماشىنىنىڭ قۇلىقىنى ئاخىرقى چەككىچە بۇراپ قويۇپ ئارقا-ئارقىدىن غولدۇرلىتىپ ماڭغۇزۇۋېرىمەن. پەقەت ئۆزۈم سېزىمگە تايىنىپلا «ئەمدىغۇ بولار» دېگىنىمدە ئاندىن توختايمەن. شۇنداق بولغاندا، ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بىر قۇچاق كىيىم-كېچەككە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ بىر كۈن! تولۇق بىر كۈن. مانا، يەنە بىر ئۇلۇغ ئىجاد كۈنۈمنى كىرئالغۇنىڭ يېنىدا ئۆزۈم ئاچ، باش-كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ، پۇت-قولۇم ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە تالغان ھالدا ئۆزتىمەن. بۇنىسى يەتمەي قالغاندەك، كاللاپايلىقىمدىن ئۇچامدىكى كىيىملىرىمنىڭمۇ ماشىنىغا چۈشمەي تۇرۇپ چۆپ-سۇزمە ھۆل بولۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى! بىر قېتىملىق كىر يۇيۇش مەن ئۈچۈن شەھەر ئالغانلىق بىلەن باراۋەر.

يالغۇزلۇقنى دېمەيسىز تېخى. مەن تېگىمدىن بىر ئادەم خۇمارى ئىدىم. ئۆزۈم يالغۇز يول ماڭغىنىم، يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېگىنىم كەلمەيدۇ. ئەمدى بولسا ماڭا ھەر دائىم ھەمراھ بولىدىغىنى- ھەر دائىم بىر خىلدا بېزدىرىپ تۇرىدىغان بەترەڭ، يالىڭاچ تۆت تام. ئادەملەر بىلەن سۆزلەشكۈم، مۇڭداشقىم، سىرداشقىم، ئىچ پۇشۇقىمنى چىقارغۇم كېلىدۇ. لېكىن... تۆت تامدىن زۇۋان چىقمايدۇ. كەلدى-كەتتى ئاغىنىلەرنىڭ قارارى يوق. يوقسىنغاندا كېلىشمەيدۇ، ھەتتا بەزىدە ئىزدەپ چىقساڭمۇ قارىسىنى كۆرسەتمەي قويۇشىدۇ، نەدىكى بىمەنە ۋاقىتلاردا كېلىپ ۋاقتىڭنى ئالىدۇ. گاھىدا ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم مۇڭدىشىپ كېتىمەن، گاھىدا ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ناخشا توۋلايمەن، ناخشا ئېيتىۋېتىپ: «قولۇم-قوشنىلار، بۇ ئەپەندى خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپ ئېلىشىپ قالدىمۇ — نېمە، دەپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ قالىمەن-دە، ناخشىنىڭ يېرىمىدا «چىپپىدە» توختاپ قالىمەن. ...

ئۇندا ئويلاپ، بۇندا ئويلاپ ئاخىرى ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم. بۇنداق ئۆتتۈۋېرىشكە بولمايتتى. ياپياش تۇرۇپ دەرۋىش كۈنىگە قالايمۇ؟ ئۆيلەنسەم ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ، مەنمۇ نورمال ئادەملەرچە ياشاپ باقاي. لېكىن...

بالامنىڭ ئاپىسىنى ئەكىلىۋالاي دېسەم،

ئۇنىڭ بېشەملىكىدىن جاق تويغانىدىم. «چىمك» دېسەم «پوك» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغىنىغا كۆزۈم يەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ تەرسالىقىنىڭ ئۆگىشىلىشىغا كۆزۈم يەتمەيتتى. مىجەزىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ-ھەم! بۇنداق كۈنلەر بىزگە ئارمانىدى. ۋاھ ... دەردىغا! ئەمدى ئۆيلەنسەم قانداقراق خوتۇنغا ئۇچرىشارمەنكىنتاڭ؟...

4

بىر كۈنى بىر دوستۇم توي چېيىغا چاقىرىپتۇ. زوكام تېگىپ قىزىپ قالغانىدىم. يۆتەلمۇ بىئارام قىلىپ تۇراتتى. بارمايمىكىن دەۋراق ئاخىرى باردىم. كېچىككەنىكەنمەن، زالنىڭ ئىچى مېھمان بىلەن توشۇپتۇ. ئولتۇرغۇدەك جايمۇ قالماپتۇ. دوستۇم ئالدىمغا چىقىپ قولۇمدىن تارتقىنىچە ئۆزى ئولتۇرىدىغان تۆرگە باشلاپ باردى ۋە ئۆزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. چالغۇچىلار تانسا مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداۋاتاتتى. بىر قىز مىكرافون بىلەن ناخشا ئېيتماقتا. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى خۇش كەيىپ. جاز دۇمباقىنىڭ ساداسى زال ھاۋاسىنى تىترىتىدۇ. دوستۇممۇ مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپلا ئايالى بىلەن تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. قارىسام، مەن ئولتۇرغان يەردە بايا دوستۇمنىڭ ئايالى بىلەن يانداشىپ ئولتۇرغان چىرايلىقىنە بىر قىز بىلەن ئىككىمىزلا تانسا ئوينىماي قېپقاپتىمىز. مەنغۇ تانسىنى ئەزەلدىن ئۇنچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن. بۈنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن تاۋۇم يوق ئىدى. بۇ قىز نېمىشكە ئوينىمايدىكىنە؟ تانسىغا تارتىپ كەلگەن بىر نەچچە يىگىت قىزنىڭ رەت قىلىشى بىلەن خىجالەت بولۇپ كېتىپ قالدى. بۇ قىزنىڭ چىرايىدىن نېمىشكىدۇر بىر غەمكىنلىك ۋە ئۆزىنىڭ جۇسۇنىغا ماس كەلمەيدىغان سولغۇنلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ كەلگەن ۋە كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان خۇمار كۆزلىرى باشقىچىلا مۇڭلۇق ... بۇ قىزنىڭمۇ تاۋى يوقمىكىن - يە؟!

كېيىنكى قېتىمدا دوستۇم تانسىغا چۈشمىدى. مېنى زېرىكىپ قالدى، دەپ ئويلىدى بولغاي، دېمىسىمۇ، كەيپىم ناچار ئىدى. قائىدە يۈزىسىدىنلا ئولتۇراتتىم. ئەپلىك بىر پەيتنى تېپىپ «غىپپىدە» تىكىۋەتمەكچى ئىدىم. دوستۇم بۇ خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك، ئالدىمغا تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئىتتەرگەچ:

— بىزنى ئۆيىمىزگىچە ئۈزىتىپ قويارسەن تېخى، كېتىشكە ئۇنچە ئالدىراپ كەتمە ...، — دېدى.

— ياقەي، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ- دە، بىراق شۇ سەل زوكامداپ قاپتىكەنمەن ...، — دېدىمەن قىسىلغاندەك بولۇپ.

— كېرەك يوق، قىزىق چاي ئىچ، تۈزۈلۈپ قالىسەن، بىر تەرلىگىنىڭدەك تانسا ئوينىغان بولساڭغۇ ساقىيىپ قالاتتىڭ، — دوستۇم نېمىشقىدۇر ھېلىقى قىز تەرەپكە قاراپ قويدى.

مەن بېشىمنى چايقىدىم. شۇ چاغدا بىرى پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كەلدى. قارىسام، بايىقى قىز ئىكەن. قارىغاندا ئۇ، دوستۇمنىڭ ئايالىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولسا كېرەك. چاينىڭ كېپىنى ئاڭلاپلا دوستۇمنىڭ ئايالى ئورنىدىن قوزغىلىپ بولغىچە چاي ئەكەپتۇ. مەن ئەدەب بىلەن پىيالىنى ئالدىم.

— رەھمەت، — دېدىمەن بېشىمنى سەلگىنە ئېگىپ. قىز كۆزىنى پەتنۇستىن ئالماي جاۋاب تەرىقىسىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇ چاغدا بۇ قىزنىڭ غەمكىن چىرايى مېنىڭ كۆزۈمگە «ھۇپپىدە» ئېچىلغان گۈلنى ئەسلەتتى. «چىرايلىق دېگەننىڭ ھەسرەتلىك كۈلۈمسىرىشىمۇ چىرايلىق بولىدىكىنە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇشتۇمتۇت ۋە ئۆزۈمچە بۇ خىيالىمدىن خىجالەت بولۇپ قىزنىڭ چىرايىدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ ئىلمانلىشىپ قالغان تەمسىز

www.uyghurkitap.com

چايىنى تەشنالىق بىلەن ئوتلىۋدۇم. قىز يەنە ھېلىقى چايغا بېرىپ ئولتۇردى.

دوستۇم بىلەن ئىككىمىز تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. تانسىچىلار بارغانسېرى قىزىماقتا ئىدى. مەن تانسىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم. دوستۇمنىڭ سۆزلىرىمۇ قۇلىقىمغا ئانچە خوشياقمايۋاتاتتى. مەن «ھەئە»، «شۇنداقمۇ؟» دەپ زورىغا قوشۇق سېلىپ ئولتۇراتتىم. بىر كەمدە قارىسام ھېلىقى قىز، دوستۇمنىڭ ئايالى بىلەن پىچىرلىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇشتۇمتۇت قىز ماڭا «لەپپىدە» قاراپ قويۇپلا يەنە كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى. ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل ئىللىقلىق تارىغاندەك بولدى. قىز راستىنلا ماڭا قارىدىمۇ ياكى ماڭا شۇنداق بىلىندىمۇ دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. نېمىشقىدۇر مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا پات - پات قارىغىم كېلەتتى لېكىن «پاقا تەشكەن سويمىدەك ...» دەپ قالمىسۇن - يەنە، دېدىم - دە، ئالدىمىدىكى تانسا ئالامىتىغا قاراپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇۋەردىم. ئاخىرى تانسا توختىدى. خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى. مېھمانلار دوستۇم بىلەن خوشلىشىپ بىر - بىرلەپ ئۇزاشتى. ئاخىرىدا ئەر - ئايال بولۇپ يەتتە - سەككىزىمىز دوستۇمنى ھۇجرىسىغا (ئىسلىدە بۇلار توي قىلىپ بولغىلى ئىككى-ئۈچ ئاي بولۇپ قالغانىدى) ئۇزۇتۇپ قويىدىغان بولۇپ ئايرىلىپ قالدۇق ۋە ئىككى پىكاپقا بۆلۈنۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق.

5

ئۇ يەردىمۇ بىر سورۇن تەييارلاپ قويغانىكەن. قىزلار ئاۋۋال كېلىپ سورۇنغا جايلىشىپ بوپتۇ. بىزمۇ چاي شىرەسىنىڭ بىر تەرىپىگە، قىزلارنىڭ قارشىسىدىكى سافالارغا كېلىپ ئولتۇردۇق. كۈندۈزدەك يورۇق، ئالاھىدە كۆركەم قويۇپ بېزەلگەن مېھمانخانا ياسىداقلىقىدىن كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىدۇ. بىر چاغدا قارىسام بايىقى قىزمۇ بار ئىكەن، يەنە كېلىپ ئولتۇردى. ئەتەي قىلغاندەك مەن ئۇ قىزنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

بۇ تەسادىپىيلىققا بىر تۇرۇپ ھەيران بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال بولدۇم. نېمىشقا خۇشال بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالمىدىم. ھاياجىنىمنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مەن ئۇ قىزغا قارىماسلىققا تىرىشىپ يېنىمدىكى ناتونۇش بىر يىگىتنى گەپكە تۇتۇپ ئولتۇردۇم. تاماق تارتىلدى، كېيىن ئىچىملىكلەر ۋە قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. بىردەملىك كۈلكە - چاقچاقتىن كېيىن تانسا باشلاندى. ئۇ قىز بايىقى غەمكىن ھالىتىدىن ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۇ، كۈلكە-چاقچاقنىمۇ ئارىلاشمىدى، تانسىمۇ ئوينىمىدى. دوستۇم خۇشچاقچاق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئوچۇق چوكان ئىكەن، ئۇلار مېنى ھەدەپ ئىچىشكە ۋە تانسا ئويناشقا زورلايتتى. مەن ئۆزرە قويۇپ ئولتۇرۇۋەردىم. بىر خىل بىئاراملىق ئىچىمگە كىرىۋالغانىدى. كەيپىياتىمنىڭ ئوڭشالمايۋاتقىنى ئۈچۈن ئۆزۈمگىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. دوستۇمنىڭ كۆڭلىگە كېلىشى مۇمكىن. لېكىن زادىلا ئىچەلمىدىم. ۋاقىتسىز كېلىۋاتقان يۆتەل تېخىمۇ خىجالەت قىلاتتى. بىر كەمدە قارىسام ھېلىقى قىز كۆرۈنمىدى. مەن نېمىشقىدۇر بىردىنلا روھسىزلىنىپ قالدىم. ئولتۇرۇش ئاخىرلىشاي دېگەندە دوستۇم ئۇشتۇمتۇت مېنى چاقىرىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاشقارقى ئۆيگە چىقتىم. قارىسام، ئۇ قىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ. قايتىشقا تەرەددۇتلەنگەن ئوخشايدۇ، پەلتوسىنى كېيىپ شارپىسىنى ئورىۋاپتۇ. چەت ئەل پاسونىدا تىكىلگەن پەلتۇ ۋە ئاپئاق شارپا ئۇنىڭ زىبا قامىتىگە شۇنچىلىك يارىشىپتىكى، ئەدەبىنىمۇ ئۇنتۇپ ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغىنىمنى

سەزمەيتتىمەن. ئۇ قىز مېنىڭ قارشىمدىن ئوڭ-
غايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتى ۋە دوستۇمنىڭ
ئايالىغا گەپ قىلغان بولۇپ ئارقىسىغا
ئۆرۈلۈۋالدى.

— مۇنداق گەپ، قارىسام، ئولتۇرغۇڭ
كەلمەي قالدى. مىجەزىڭمۇ يوق ئىكەن،
بىلىپ تۇرۇپتىمەن، مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ
ئولتۇرۇۋاتىسەن. كېرەك يوق، سەن بىلەن
كېيىن ئايرىم ئولتۇرۇۋالىمىز، ئۇنىڭدىن
كۆرە بېرىپ ئارام ئالغىن، — دېدى دوستۇم
چىرايىمغا تىكىلىپ كۆيۈنۈش ئاھاڭىدا.
مەن رازىمەنلىك بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

دوستۇم ئېڭىكى بىلەن ھېلىقى قىزنى
ئىشارەت قىلىپ دېدى:

— بۇ قىز بايىلا كېتىمەن دەپ تۇرۇۋال-
غانىدى. ئېكاپىنى كەتكۈزۈۋېتىپتىمەن.
يالغۇز يولغا سېلىپ قويغىلى تېخى بول-
مايدۇ. قارىسام، يولۇڭلار بىر ئىكەن، سەن
بىلەن بىللە كەتسۇن دېدىم. ئۇنى ئۆيىگە
ئاپىرىپ ئاندىن قايتارسەن.

مەن گاچا بولۇپ قالغاندەك «ماقۇل»
دېيىشنىڭ ئورنىغا بېشىمنى لىڭشىتتىم.
مېنىڭ بۇ گۇمۇشلەرچە قىياپىتىم دوستۇمنى
گاڭگىرىتىپ قويدى بولغاي، ئۇ ئالدىراپ
سوردى:

— نېمە بولدۇڭ بۈگۈن؟ مىجەزىڭ بول-
مىسا مۇشۇ يەردە قونۇپ قالامسەن - يا؟
بۇ قىزنى ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئاپىرىپ
قويايلى...

— ياقەي... ئۆزۈممۇ كېتەلەيمەن،
ئاۋارە بولماڭلار... دېدى ھېلىقى قىز ئىشىككە
ماڭغاچ بىزگە قاراپ غەمكىن كۈلۈمسىرەپ.

— خاتىرجەم بولغىن، مېھمىنىڭنى ئۆيىگە
كىرگۈزۈۋېتىپ ئاندىن قايتىمەن. ئەتە
كەچ كېلىمەن، بىر ياققا چىقمايدىغان-
سەن؟ — دېدىم دە، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەي
ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. دوستۇم ۋە ئۇنىڭ
ئايالى بىزنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.
لەپىلدەپ قار چۈشۈۋاتىسىمۇ ئايدىڭ

ئىدى. ئايىغىمىزدا يېڭى قار يۇمشاق ۋە
پاكىزە. ھاۋامۇ ساپ ۋە يېڭى. ئاياغ ئاستى-
مىزدىن دەسسەلگەن قارنىڭ كۈچلۈك غى-
چىرلىشى ئاڭلىنىدۇ. ئاسماندىكى تولۇن
ئاي گاھ - گاھ بولۇت ئىچىگە شۇڭغۇيدۇ،
ئەتراپ جىمجىت. ئاھ... قانداق گۈزەل
كېچە بۇ!

— ئىسمىڭىز دىلنارمۇ؟ — مەن بىر ھازا-
دىن كېيىن تولىمۇ قىيىندا ئېغىز ئاچتىم.
كالىدەك پۇشۇلداپ دېگۈدەي بىرەر
نەرسە دېيىشىم كېرەك - تە! مان بىللەن
ئارىلىق قويۇپ ياندىشىپ ئۈنچىقماي
خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان قىز ماڭا قاراپ
كۈلۈمسىرەپ بېشى بىلەن تەستىقلىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم...

— مەن بىلىمەن، — قىز «ھەيران قىلىۋاتامسىز؟» دېگەندەك قىلىپ ماڭا «لاپپىدە»
قاراپ قويدى.

مەن ئۈنچىقمىدىم.

— نېمىدېگەن... نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك
كېچە - ھە؟ — دېدىمەن بىر ھازا پۇتۇمنىڭ
ئۇچىغا قاراپ ئۈندىمەي ماڭغاندىن كېيىن
باشقا گەپ ئويلاپ تاپالماي. لېكىن بىر-
دىنلا ئۆزۈمنىڭ نەدىكى ھېكايە پېرسوناژ-
لىرى قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈر-
گىنىمنى سېزىپ ئويىلىپ قالدىم ۋە يەنە
ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئۈشتۇمتۇت
قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كەتتى. مەن ھېچقا-
چان بۇنداق يۆتەلمىگەن ئىدىم. «ئۆپكەم
چۇۋۇلۇپ كېتەمدۇ - نېمە؟» دەپ قورقۇپ
كەتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن «تازا بىر كونا
چىخوتكا ئوخشايدۇ، دەپمۇ قالغاندۇ بۇ
قىز...» دەپ قورۇنۇپ قالدىم.

— بەك يېنىك كېيىنىۋاپسىز. سوغۇق
ئۆتۈپ كېتىدۇ، قېلىنراق كېيىنىپ يۈرۈڭ، —
دېدى ماڭا ئىچ ئاغرىتقان نەزەردە تىكى-
لىپ قاراپ. ئۇنىڭ گېپى بىلەن تەڭ نېمىشە-
قىدۇر باشقىچە بولۇپ قالدىم. ئاھ... ئادەم-
لەر نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ چىرايىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى چىقىپ تۇرىدۇ بۇ قىزنىڭ ...

ئۇنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا يېتىپ كەلدۇق. قارىسام، كوچا بەك قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇنى ئىشىكىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدۇم.

— ياق، بولدى. ئۆيۈم 50 قەدەم كەلمەيدۇ، كىرىپ كېتىۋېرىمەن، — دېدى ئۇ. مەن ئامالسىز توختاپ قالدىم. قىز ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى، ۋە:

— بىر مىنۇت توختاپ تۇرۇڭ، هازىرلا چىقىمەن، — دېدى-دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. مەن هەيران بولۇپ قاراڭغۇلۇققا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم. راست دېگەندەك ئۇنىڭ ئۆيى يېقىنلا يەردە ئىكەن.

هايال بولماي يۈگۈرۈپ چىقتى. پەلتۇسىنى سېلىپ تاشلاشقىمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ. قويۇق ۋە قارا چاچلىرى بۇلۇتتەك يېيىلىپ ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان پاكىزە ۋە گۈزەل يۈزىنى ئايدىن قىزغانغاندەك چۈمكىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چېهرى ئاشۇ خىرە-شىرەلىك ئىچىدە بىر خىل سېهىردىي كۈچ بالقىتىپ تۇراتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمغا بىر نەرسىنى تۇتقازدى، قارىسام، تابلېتكا دورا ۋە يەنە بىر شىشە قۇتا ئىكەن.

— ساقلىتىپ قويدۇم-هە؟ قايتىپ بېرىپلا ئىچىۋېتىڭ، بەك تېز تەسىر قىلىدۇ. ئەتە يەڭگىللەپ قالىسىز. بەك قاتتىق يۆتىلىۋاتىسىز، سەل قارىماي ئۆپكىڭىزنى تەكشۈرتۈپ بېقىڭ. خەير-خوش، خۇداغا ئامانەت ...، — دېدى قىز ماڭا قاراپ تاتلىق قىلىپ كۈلۈپ، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن قولۇمدىكى دورىلارنى مەهكەم سىقىمدىغىنىمچە زۇۋان سۈرمەي قىزنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى غىل-پال كۆرۈنۈۋاتقان سۈباتىغا قاراپ هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بۇدۇرە چاچلار ئارىسىدا نۇر بالقىتىپ تۇرغان ئايدەك چىرايى، خۇش پىچىم بويى، تاتلىق ۋە مۇڭ ئارىلاش كۈلۈمسىرىشى كېچىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ مەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتىكى تۇفلىيسىنىڭ يېنىك تاقىلدىغان ئاۋازى، شوخ كۈيگە تەڭكەش قىلىنغان داپنىڭ قېقىلىق چېكىتمىسىدەك قۇلىقىمدىن كەتمىدى.

## 6

ئەتىسى كەچقۇرۇن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. تاماقتىن كېيىن ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتۇق. بىرچاغدا ئۇ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— قانداق، ئاخشامقى سايىھىتىڭ كۆڭۈللۈك بولغاندۇ؟

مەن تەئەججۈپ بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. دوستۇم كۆزىنى قىسىپ كۈلدى.

— قانداق ساياهەت ئىكەن ئۇ؟ كارىۋاتقا ئاران ئۈلگۈردۇم ...، — غۇدۇڭشىدىمەن.

— ۋاي كاساپەت، بىكار كۈچەپتىمەن-دە، هەرهالدا پاراڭلاشقانسەن؟ قانداق، ياردىمۇ؟

مەن سەگەكلەشتىم. ئەسلىدە دوستۇم ۋە ئۇنىڭ ئايالى مېنى ئۇ قىز بىلەن ئالاهىدە ئۇچراشتۇرغان ئىكەن. مەن هېچنەرسىنى بايقىماپتىمەن.

— قىزغۇ ياخشىدەك قىلىدۇ...، — دېدىمەن مەجهۇل قىياپەتتە.

— «قىلىدۇ» دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئالتۇنغا بەرگۈسىز قىز ئۇ! يەنە كېلىپ ئەدەبىيات دېسە جان بېرىدۇ. ساڭا تازىمۇ لايىق، لېكىن ...، — دوستۇم بىردىنلا جىم بولۇۋالدى.

— نېمىسى «لېكىن»؟ — مەن تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم.

دوستۇم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىر بىر تىندى:

— هازىرچە مەن ساڭا ئېيتماي، ئاۋۋال

ئاردىلىشىپ باقتىن، مۇبادا تەقدىر قوشقان
بولسا يولىمۇ بولۇپ قالار، لېكىن ئىماننىڭ
بىلەن ئىشەنگىنىمكى قىزدا سۇ يوق. ئارزۇلاپ
خوتۇن قىلغۇچىلىكى بار قىز. ئەخلاق دەم-
سەن، بىلىم دەمسەن، مىجەز - خۇي دەمسەن،
ئائىلە تەربىيىسى دەمسەن... چىرايى - تۇر-
قىنىمۇ ئۆزۈڭ كۆردۈڭ ئەنە. قارىسام،
بىر قاراپلا ھوشۇڭدىن كەتكىلى
تاس قالدىڭ ...، - دوستۇم پىخىلداپ
كۈلدى. مەن ئۇنىڭ تىلى قىسىلىۋاتقان
بىر يېرى بارلىقىنى سېزىپ قالدىم. كوچى-
لاپ سوراۋېرىشنى بىئەپ كۆردۈم. لېكىن
كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

- سەن خەۋپسىرەپ كەتكۈدەك ھېچ ئىش
يوق، پەقەت...

- ئاشۇ «لېكىن» نىڭ بىلەن «پەقەت» دىگىنى
ئوچۇقراق دىمەمسەن؟ - مەن سەل رەنجىدە
بولۇپ سورىدىم.

دوستۇم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ
قالدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن:

- مۇبادا سەن ئۇنى راستىلا ياخشى كۆ-
رەلىسەڭ، ئۇ قىزمۇ سېنى ياخشى كۆرەلىسە
ئۇ ھالدا... ئىككىڭلار مەسلىھەت بىلەن
ئاستا - ئاستا بىر تەرەپ قىلالىساڭلار،
ھازىرچە مەندىن سورىمىغىن، ئىشقىلىپ
بۇ قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويما ئاغىنە.
خوتۇندا تەلەيىڭ بولسا پەقەت مۇشۇ
قىزدىنلا تاپىسەن تەلىيىڭنى...

مەن ئۈنچىقمىدىم. راستىنى ئېيتسام
دوستۇمنىڭ ئەزمىلىكىدىن رەنجىدىم.
كىچىككىنە، ئەرزىمەس بىر ئىشنى ئالاھىدە
«سىر» قىلىۋالىدىغان ئادىتى كىچىكىدىنلا
بار ئىدى ئۇنىڭ، چوڭ ئىشقۇ بولمىسا
كېرەك، ئۇنداق يېرى بولسا ماڭا سايە
قىلماس ئىدى. لېكىن...

خىيالغا پېتىپ ئۆزۈمنى تىڭشاپ قالدىم.
تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغان چىرايلىق بىر
قۇشنى يېقىنلا يەردىن قاچۇرۇپ قويغان
ئۆسمۈردەك كۆڭلۈم يېرىم بولدى. دوستۇم-
نىڭ ئۆيىدىن كۆڭلۈم غەش ھالدا ئايرىلدىم.

## 7

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان قىزىتمام
ئۆرلەپ يۆتىلىم كۈچىيىپ كەتتى. ئۆزۈمدىن
خەۋپسىرەپ قالدىم. مەن ئىلگىرى بۇنچىلىك
ئاغرىپ باقمىغانىدىم. زۇكام بولسام
ئۆزلۈكىمدىن ساقىيىپ قالاتتىم. دوختۇرغا
بولسا كەمدىن - كەم باراتتىم. بۇ قېتىم
دوختۇرغا كۆرۈنمىسەم بولمايدىغان چېغى.
دېگەندەك، ئۆپكەمگە سوغۇق تېگىپتۇ. ياتاق-
قا ئېلىنىشتى. دەسلەپتە كېسەلخانىدا يېتىش
يېڭىچە ھەتتا كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. كېيىن-
رەك بولسا زېرىكىشكە باشلىدىم. ئەل-
ئاغىينىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار
كەلسە ياتاقنىڭ ھاۋاسى ياشىرىپ قالغان-
دەك بىلىنەتتى. ئۇلار كېتىشكەندىن كېيىن
بولسا يالغۇزلۇقتىن شۇمشىيىپ كېتىمەن.
ھەر خىل خىياللار كېلىپ باسىدۇ. ياتاق-
داشلار بىلەن چىقىشىپ قالغان بولسامۇ
ھېلىقى يالغۇزلۇق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايت-
تىم. ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا ئورتاق تىل
يوق ئىدى. كۆپ چاغلاردا كىتاب ئوقۇيتتۇم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تەكشۈرۈشتىن
كىرسەم ياتاقتا دىلنار ئولتۇرۇپتۇ. كەلگىلى
خېلى بولغان ئوخشايدۇ. دوستۇمنىڭ ئايالى
بىلەن كەلگەنىكەن، بەك ئۇزۇن ساقلى-
غاچقا خىزمەتكە ئالدىراپ ئۇ ئايال كېتىپ
قاپتۇ. شورپا قىلىپ كېلىشكەنىكەن.
شورپىنىڭ تېۋى چىقىپ قالغاچقا ئۇنى
ئىچمەي گۆشنى يېدىم، يېگەندىمۇ ئىشتىھا
بىلەن يېدىم. دىلنار مېنىڭ تاماق يېيىشىمى-
نى كۆزىتىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردى. بىز
تاماقتىن كېيىن ئاۋۋال ياتاقتا ئولتۇرۇپ
كېيىن بولسا دوختۇرخانىنىڭ قورۇسىنى
ئايلىنىپ يۈرۈپ پاراڭلاشتۇق. سۆزىمىز
يېڭى كىتابلار ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرى
ئۈستىدە بولدى. دىلنارنىڭ ئۆزىنى بەك
كەمتەر تۇتۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى بىلىنىپ
تۇراتتى. ياكى مېنى يازغۇچى دەپ تەپ

تارتىپ شۇنداق قىلامدىكەن؟ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلىملىك ۋە تىرىشچان قىز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆزى قايسىبىر گېزىتتە مۇخبىر ئىكەن... شۇنىڭدىن كېيىن پات-پات كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كەلگەن ھامان ياتاققا بىر تۈگىمەس خۇشاللىق، گۈلخاندەك بىر ئىسسىقلىق بىللە كېلەتتى. ئۇنىڭ سۆزى، خىيالچان كۈلۈمسىرەشى، ئولتۇرۇپ-قوپۇشى، قوۋناق كۈلكىسى، يەڭگىل تەبەسسۇمى، ئەقىل ۋە گۈزەللىك پارلاپ تۇرغان پاكىزە چېھرى... ئىشقىلىپ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خىياللىرىم مەن ئۈچۈن دوختۇرنىڭ ئەڭ ئېسىل دورىسىدىنمۇ شىپالىق، ئۈنۈملۈك دورا ئىدى. مەن ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزار، كۈلكىسىگە، سۆزلىرىگە، خىيالچان، مۇڭلۇق يۈسۈندا ئۈنچىقماي كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشلىرىغا خۇمار ئىدىم. بىر كۈنى ئۇ مەن ياتاقتا يوق چاغدا كېلىپ كىر كىيىملىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى پاكىزە ۋە دەزماللانغان كىيىملىرىمنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن كىيىملىرىمنى باغرىمغا باستىم، بۇرنۇمغا يېقىپ پۇراپ كەتتىم. كىيىملىرىمدىن ئۇنىڭ ھىدىنى ئىزدىگىم كەلگەنىدى...

ئىككى ئاي بولدى دېگەندە ياتاقتىن چىقتىم، شۇڭغىچە دىلنار ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقلاپ تۇردى. ياتاقتىن چىققان كۈنى ئىككىمىز بىللە بىزنىڭ ئۆيگە كەتتۇق. دىلنارنىڭ ئۆيۈمگە تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا پەلتوسىنى سېلىپ تاشلاپ ئۆيلەرنى تازىلاشقا كىرىشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۆينى يالىغاندەك پارقىرىتىۋەتتى. قاراقسىز قېلىپ قۇرۇپ قالاي دېگەن گۈللىرىمگە سۇ قۇيۇپ ھەر بىر تال ياپرىقىنى دېگۈدەك يۇيۇپ چىقتى. نىمجان گۈللەرگە بىردىنلا جان كىرىپ ھېلىپىراپ كېتىشتى. دىلنارنىڭ تىنىقى، دىلنارنىڭ گۈزەللىكى، دىلنارنىڭ خۇش-خۇي كۈلكىسى-ئىشچان، يېقىملىق، پاكىزە ۋە گۈزەل بىر قىزنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇ تاشلاندۇق، نامرات، غېرىب ۋە بىچارە-جان كۈلبەمگە لىققىدە خۇشاللىق ۋە ئائىلە لەززىتىنى بەخش ئەتتى. مەن بۈگۈن، ياق شۇ سائەتتە بىردىنلا قالتىس بېيىپ، ياشىرىپ، ساغلاملىشىپ، خۇش-خۇيلىشىپ كەتكەندەك بولدۇم ۋە ئۆيلىنىش، ئىناق - كۆڭۈللۈك ئائىلىگە ئېرىشىش تەشنالىقى مېنى ھەر قانداق چاغدىكىدىن بەتتەررەك ئىزتىراپ قىلدى، ئالدىراتتى، تەقەززا قىلدى.

كەچتە ئۇنى ئۆيىگىچە ئۇزىتىپ قويدۇم. ئۇ، يولدا كېتىۋېتىپ مېنىڭ ئۆزۈمنى قانداق كۈتۈشۈم، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىم توغرىسىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇنىڭ بۇ قەدەر ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلىۋاتقان كۆيۈمچانلىقىدىن يۈرىكىم ئېسىپ كۆزۈمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. لېكىن ئۇنىڭغا چاندۇرمىدىم ۋە شۇ تاپىدىلا ئۆركەشلەۋاتقان ھېسسىياتىمنى كۈچ بىلەن باستىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ شېرىن سۆزلىگەنلىكى شۇ تاپتا مېنى ھەر كۈيگە سېلىشى مۇمكىن ئىدى-مەن ئاشۇنىڭدەك بىر ئايالغا، ئۇ ئايالنىڭ مېنى ئۆز باغرىغا ئېلىشىغا مۇشۇ كۈنلەردە، مۇشۇ مىسكىنلىك باسقان غېرىبانە سائەتلەردە بەك موھتاج ئىدىم. دىلنار راستىنلا مەن بىلەن توي قىلسا - ھە؟! تۇرۇپلا دوستۇمنىڭ ھېلىقى كۈنى قىلغان تېپىشماقتەك سۆزلىرى يادىمغا كەچتى - دە، چىۋىن يەۋالغاندەك كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى... تەۋۋا خۇدايىم، مېنى نېمىلەر كۈتەركىن؟ خوشلىشىدىغان چاغدا مەن ئۇنىڭدىن: «مەن ئىزدەپ كېلەمدىم ياكى ئۆزىڭىز بارامسىز؟» دەپ سورىدۇم، ئۇ، تاتلىققىنە كۈلكىسى بىلەن ئىچىمنى كۆيدۈرۈپ: «ئۆيىنى كۆرۈۋالدىم، ئۆزۈم ئىزدەپ بارىمەن» دېدى. مەن قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرۇپراق

ئۇشتۇمتۇت: «ئەمدى بارسىڭىز مېنى يالغۇز تاشلىۋېتىپ كەتمەيدىغان بولۇپ بېرىڭ» دەپ تاشلىدىم - دە، ئۆزۈمنىڭ تېخى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق قىلىۋاتقان تەلۋىلىكىمدىن خىجالەت بولۇپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدىم. دىلنار نېمە دېيىشىنى بىلمىگەندەك ئاغزىنى ئۆمەللىگىنىچە جايىدا تۇرۇپلا قالدى. نېرىقى دوقمۇشقا بېرىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام، ئۇ، تۇرغان جايىدا مېنىڭ ئارقامدىن مۆلدۈيۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

... ئۇ، ئادەتتە مەن ئۇچراتقان قىزلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ خۇشپېئىللىقى، خۇشپېچىملىقى، گۈزەللىكى ۋە قويىنىڭ قوزىسىدەك مۆلايىملىقى بىلەن ھەر قانداق كىشىنى ھەيران قالدۇرسا، پەقەت، ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن قىزلاردىلا بولىدىغان تەمكىنلىكى، چوڭ سۆپەتلىكلىكى، ئەقىللىقلىقى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن ھەر قانداق قارام تەلۋىنى ھېيىقتۇراتتى.

شۇ كۈنى تاڭ ئاتقىچە: «گۈرۈچتە خەۋەر يوق، سەۋزەدەم يەپقاپتۇ، دېگەندەك، ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قىلغىنىم ئۇچۇن مەندىن رەنجىپ قالارمۇ؟ مېنى شاللاق ئىكەن دەپ قالارمۇ؟ مېنى يارىتارمۇ، ياكى زاڭلىق قىلارمۇ...» دېگەندەك خىياللار بىلەن پۇچۇلاندىم. ئۆزۈمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىغا پۇشايمان قىلدىم. لېكىن ئامال قانچە، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەننى ياندۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟

8

دىلنار يەنە كېلىپ كېتىپ - يۈرۈۋەردى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىراقسانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزرە قويۇشقا خىجىل بولدۇم. ئۇمۇ گويا مەن ھېچقاچان ئۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغاندەك قىلچە ئۆزگىرىشسىز، بىر خىلدا مۇئامىلە قىلاتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە. تۇرمۇشۇم خېلىلا ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. يېزىقچىلىقىممۇ خېلى روناق تاپتى. كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىسا ئادەمنىڭ ھەر قانداق ئىشى ئىلگىرى باسمىدىكەن. بىر قانچە مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشتىم تېخى!

لېكىن «قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەرمىز؟» دېگەن خىيال مېنى قىينايتتى. ئىش يۈزىدە بولسا دىلنار بىلەن بارغانسېرى ئىجىل بولۇپ كېتىۋاتاتتۇق. قولۇم - قوشنىلارمۇ بىر قانچە قېتىم يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە: «تازا تەلىيىڭىز بار ئىكەن، مېغىزدەك قىز بالىدىن بىرنى تېپىۋاپسىز، سىز يامان جۇمۇ، بۇرۇنلا چەن سوقۇپ قويۇپتىكەنسىز - دە، شۇڭا...» دېدى. بەزىلىرى: «تويىڭىزنى قاچان ئوينايمىز؟» دېيىشىپ ئارام بەرمەيتتى. دېمەك بىزنىڭ يېقىنلىقىمىزنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغانىدۇق ۋە بۇنى يوشۇرۇشنىمۇ خالىمايتتىم. لېكىن دىلنارنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىگە تېخىچە بىر نەرسە دېيەلمىگەچكە ھېلىقىدەك گەپ بولغان ھامان ئۈن چىقماي كېتىپ قالاتتىم. ئىچىم كەكرى يېگەندەك ئېچىشاتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋەرگەنسېرى تىت - تىت بولاتتىم. دىلنار نېمىنى ئويلاپ ۋە نېمىنى كۈتۈپ يۈرىدىكىن؟ نېمىلا بولسۇن ئوچۇق سۆزلىشەي دېگەن قارارغا كەلدىم. شۇ كۈنلەردە خۇددى خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك دىلنار ئۇشتۇمتۇت كەلمەي قويدى. ئىدارىسىگە تېلېفون بەرسەم: «رۇخسەت سوردى» دېيىشتى. تۈپتوغرا ئۆيىگە بېرىشنى بىئەپ كۆردۈم. تىت - تىت بولۇپ ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولدۇم.

8 - كۈنى دېگەندە دىلنار ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق ۋە تەگسىز بىر مۇڭ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كېلىپلا سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوردى. ئۇزايىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ماڭا مۇھىم بىر نەرسىنى دېگۈسى باردەك، لېكىن ئېيتىشقا قىيىنىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن بۇ ئېزىتىراپلىقنىڭ تېگىگە ھەر قانچە ئويلاپمۇ يېتەلمىدىم. «ئۆزى بىر

www.uyghurkitap.com

نېمە دەر» دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە سورىماي ئالدىغا چاي كەلتۈردۈم. ئۇ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى.

... دىلنارنىڭ دادىسى دىلنار ناھايىتى كىچىك چاغلاردىلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ بىر تال بالا ئىكەن. ئانىسى كېسەلچانلىقىغا قارىماي ئۇنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇپتۇ. ئانىسىنىڭ چەت ئەلدە بىر تۇغقان ئاكىسى بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان خەت ـ ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغانىكەن. ئۈچ ـ تۆت يىل ئىلگىرى ئۇياقتىن كەلگەن بىر كىشى بۇلارنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ سالىمىنى، ئادرېسىنى يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەت ـ ئالاقە قايتىدىن تىكلىنىپتۇ. ئۇ كىشى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى، بالا ـ چاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا دىلنارنىڭ كېلىپ ئۆزىنى يوقلاپ كېتىشىنى ئۆتۈنۈپ نۇرغۇن خەت يېزىپتۇ. دىلنارنىڭ ئانىسى ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ كۆپ بىئارام بولۇپتۇ ۋە ئاكىسىنى يوقلاپ كېلىش قارارىغا كېلىپتۇ. ئۇ چاغدا دىلنار تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەنىكەن، ئوقۇشتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ قېتىم دىلنارنىڭ ئانىسى يالغۇز بارىدىغان، ئەگەر ئىمكان بولسا ئاكىسىنى ياندۇرۇپ كېلىدىغان، بولمىسا، ئاكىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىدىغان، دىلنارنىڭ ئوقۇشى پۈتكەندە دىلنار چىقىپ كېلىدىغان بولۇپتۇ. لېكىن دىلنارنىڭ ئانىسى ئۇ يەرگە بېرىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. (پالەچ كېسەل ئىكەن) دىلنارنىڭ ئاكىسى كۆپ داۋالاتقان بولسىمۇ ئۇ ئايالنىڭ كېسىلى ياخشىلىنالماپتۇ.

ئاخىرى دىلنارنىڭ كىچىك دادىسى دىلنارنىڭ ئانىسىنى ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەت تەۋەلىكىگە ئالدۇرۇپتۇ، ئەمدى دىلنارنى چاقىرتىپتۇ. دىلنارنىمۇ شۇ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئالدۇرۇشنىڭ ھازىرلىقىنى پۈتتۈرۈپ قويۇپتۇ. دىلنارنىڭ ئۆزىچە بولغىنىدا ۋەتەندىن ئايرىلغۇسى يوق ئىكەن، لېكىن ئۇ ئىككى ياشانغان كىشىنى ئۇ يەردە تاشلاپ قويۇشقا تېخى بولمايدىكەن. شۇڭا دىلنار ئاخىرقى ھېسابتا ياۋروپاغا كېتىدىغان بوپتۇ. ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئاخىرقى رەسمىيەتلەر پۈتكەنىكەن. لېكىن دىلنار تارتىشىپ دەررۇ يولغا چىقماپتۇ، چەت ئەلگە چىقماي تۇرۇپ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. ھەپتە بۇرۇن كىچىك دادىسىدىن: «دەررۇ يولغا چىق» دەپ تېلېگرامما كەپتۇ. يۇرتىدا دادىسىدىن قالغان جاي ـ قورۇسى بولۇپ ئانىسى ئۇ جاي ـ قورۇنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ كېلىشنى ئېيتقانىكەن، دىلنار يۇرتىغا بېرىپ ئۇ جاي ـ قورۇنى ئېلىشىغا سېتىۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ. ماڭىدىغان چاغدا بەك ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن خوشلىشىشقا كېلەلمەپتۇ. ھازىر ھەممە تەييارلىقى پۈتۈپتۇ.

دىلنار ئاخىرىدا: ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇ دىشۋارچىلىق تۈپەيلى مېنىڭ ھېلىقى كۈنى كەچتە قىلغان سۆزۈمگە جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىنى ئەگەر يۇقىرىقى پېشكەللىكلەر بولمىغان بولسا ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئىشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولىدىغانلىقىنى، ئايرىلىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى، مۇبادا مەن خالىسام دەررۇ كىچىك دادىسىغا خەۋەر قىلىپ رەسمىيەتنى ئىككى كىشىلىك قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىنى، مەن بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۈمىدتە بولغانلىقىنى، لېكىن ئۈچ ـ تۆت ئايلىق ئارىلىشىش جەريانىدا بۇ ئىشتىن ئاستا ـ ئاستا ئۈمىد ئۈزگەنلىكىنى، چۈنكى مېنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىمغا قاراپ مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى خالىمايدىغانلىقىمغا كۆزى يەتكەنلىكىنى، ھەمدە مېنىڭ قابىلىيىتىمنى پەقەت ۋەتەندىلا جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ مېنىڭ ئىستىقبالىمنى نابۇت قىلىشنى، مېنى ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى،

مۇبادا ئۆزۈم بىسالە چىقىپ كېتىشنى خالىسام ئۆزىنىڭمۇ مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى... بىلدۈردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىمغا توقماق تەگكەندەك ئۇچۇقۇپ كەتتىم. ئەسلىدە دوستۇمنىڭ كۆزدە تۇتقان ئىشى دەل مۇشۇ ئىش ئىكەن. دىلنارنىڭ ئارىلاشقاندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشى تېخى مۇشۇ ئىدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان پەقەت مېنىڭ ئەھۋالىمنىلا سوراپ ئۆزى ھەققىدىكى گەپلەردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ ھەممىنى ئويلاپ يەتكەن ۋە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ كەلگەنىكەن-دە!!!

پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىگە زارلاپ-بوزلاپ كەتتىم. يۈرىكىم تاشتەك مۇزلاپ ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى. ئەس-ھوشۇمنى يوقىتىپ چاچلىرىمنى قاماللىغىنىمچە سارغىيىپ-تاتىرىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. مەن گويا تەپەككۇردىن، تىلدىن قالغانىدىم. سەزگۈلىرىم ئۆلگەندەك خاراموشلاندىم. مېنىڭ ھالىمغا قاراپ دىلنارمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

مېنىڭ جىمىكى تاتلىق خىياللىرىم، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىم بەربات بولغانىدى. ئەمدىرەك كۆتۈشكە ئېرىشكەن، ئەمدىرەك تەشنالىقى قېنىۋاتقان گۈللىرىم قايتىدىن سولۇپ خازان بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ غېرىب ۋە نامرات كۆلبەمگە ئەمدىلىكتە يالغۇزلۇق، ھىجرانلىق، يېتىملىك ۋە چاڭ-توزان قايتىدىن ھۆكۈمران بولاتتى. باھار ئاپتىپى پارلىغان كۆڭۈل خانەمدە ئەمدى قايتىدىن بوران ھۇۋۇلايتتى.

دىلنارنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. مەن ۋەتەندىن بۇ نامرات-چاپاكەش ۋەتەندىن، ئەجدادىم تۆرىلىپ، ئەجدادىم ئاچقان بۇ قېرى زېمىندىن، ماڭا ئادەملىكنى ئاتا قىلغان بۇ ئۇلۇغ تۇپراقتىن ئايرىلسام ئۆلۈپلا قالىمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن. (بۇنى دىلنار بىلەن يېڭى تونۇشقاندىلا ئۇنىڭغا ئېيتقانىمەن، ئۇ بۇنى چۈشىنىدۇ، شۇ چاغدىلا ئۇ نېمىشكىدۇر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بىر ھازاغىچە ئۈن چىقماي ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى) ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭمۇ بۇ يەردە ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانام، ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللىرىم، بالام بار ئەمەسمۇ؟... مەن دىلنارغا ھەسرەت ۋە نادامەت ئىچىدە نۇرسىزلانغان كۆزلىرىمنى تىكتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تىنىمسىز ياش قۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تولۇن ئايدەك تولغان يۈزىدە ياش تامچىلىرى جىمىرلايتتى، ئۇنىڭ چىرايىدا قىيماسلىق، ھەسرەت، ئازاب، قىينىلىش ۋە ئىككىلىنىشلەر بىر-بىرى بىلەن ئورۇن تالاشماقتا ئىدى. ئىككىمىزنىڭ پېشانىمىزنىڭ تەتۈرلۈكىدىن، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقىمىزدىن قاقشاپ، تەقدىرگە يىغلاپ قان يۇتتۇق. ئاخىرى تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال بولمىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن دىلنارنى ياۋروپاغا ئۇزىتىپ قويدۇم. ئايروپىلان مېنىڭ زىدە بولغان، شەلۋەرگەن يۈرىكىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەتتى. مىجىلغان يۈرەكتە ئاشۇ رەھىمسىز ئايروپىلان چاقلىرىنىڭ گۈللۈك ئىزلىرى قالدى.

## 9

... ئايرىلىش ئازابى بەك ئېغىر كەلدى. دىلنارغا بۇنچىلىك باغلىنىپ قالغىنىمنى ئۇ بار چاغدا ئۇنچە تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىكەنمەن. ئەمدى ئۇنىڭ توغرىسىدىكى ئەڭ كىچىك ئەسلىمىمۇ مېنى ئۆلگۈدەك ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ توغرىسىدىكى بۇ ئازابلىق ئەسلىمىلەر ئولتۇرسام-قوپسام مەندىن بىر دەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ئىككىمىزنىڭ بىرگە ئۆتكۈزگەن سائەتلىرىمىزدىكى ئۇشتۇمتۇت يادىمغا كېچىپ قالغان ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلارمۇ مېنى نەچچە كۈنگىچە نان يېمەس قىلىپ قوياتتى. خۇمالىق ۋە تاتلىققىنە كۈلۈپ تۇرغان دىلنار پات-پات چۈشۈمگە كىرىپ قالاتتى. شۇنداق كۈنلەردە نەچچە كۈنگىچە قونۇيغان-تۇتقىنىمنى بىلەلمەي گاراڭ بولاتتىم. يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىق ئەمدىلىكتە مېنى ھەسسىلەپ قىيناماقتا ئىدى. قارىسام، ئۆيۈمنىڭ تۆت

بولۇقى تۆت كۆزدەك كۆرۈنىدۇ. ئۆزۈم مە-
دىراپ يۈرسەممۇ ئۆلۈكتەكمەن. ئۆيدە مې-
گىپ يۈرگىنى مەن ئەمەس گويا تېنىمدىن
قېچىپ چىققان روھ، تېنەپ - تەمتىرەپ
يۈرگەن بىر ئەرۋاھ... ئۆزۈمنىڭ تىرىكلى-
كىمنى پىراق، ھىجران ۋە يالغۇزلۇق قايغۇ-
سىلا ماڭا بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاھ، خۇدا!
مەن نېمە بولغان ئادەممەن؟...

ياداپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ
قالدىم. تاڭ ئاتقىچە جۆيلۈپ چىقىمەن.
ئويغانغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك
ماجالىم قالمايدۇ. تورۇسقا تىكىلگىنىمچە
كۈنلەپ يېتىپ كېتىمەن. ئويۇن - تاماشا،
ئەل - ئاغىنە دېگەننى بىراقلا تەرك ئەت-
تىم. ئايىغى چىقماس ئازابلىق خىيال دەس-
تىدىن قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان ۋۇجۇ-
دۇم ھېلىلا ئوت ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇ-
لىدۇ. ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ كېتى-
مەن، نېمە دەۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي-
مەن. ئېلىشىپ قالمەنمىكىن دەپ ئۆزۈمچە
قورقۇپ قالىمەن. بۇنداق كۈنگە قالغىچە
دىلنار بىلەن چىقىپ كەتسەممۇ بولغا-
نىكەن، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. لېكىن شۇن-
داق مىنۇتتا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرىدىن:
«ياق! ئېرىشىدىغىنىڭ بىلەن يوقىتىدىغى-
نىڭنىڭ ۋەزنىنى، قىممىتىنى سېلىشتۇرۇپ
باق! ئېرىشىدىغىنىڭنىڭ خۇشاللىقى، كەلگۈ-
سىدىكى يوقاتقىنىڭنىڭ پۇشايمىنىغا دال
بولالمايدۇ!» دېگەن غايىبانە بىر سادا
ياڭرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بايىقىدەك
ئۆكۈنۈشۈم نەلەرگىدۇر يوقىلىدۇ. يەنە ئۆ-
زۈمگە ھاي بېرىشكە تىرىشىمەن.

ئادەم دېگەن كۆتۈرۈشلۈك ئىكەن. ئاخىرى
مەن: «بۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ. ئۆ-
زۈمنىڭ ھېسسىياتىغا ئىگە بولۇشۇم، ئۆزۈم-
نىڭ تەقدىرىنى ئەقىل قولىغا تاپشۇرۇشۇم
كېرەك! ھېسسىياتقا قۇل بولۇش ئاجىزلىق-
نىڭ بەلگىسى، ئاجىز ئادەمنى ھايات قارشى
ئالمايدۇ، تۇرمۇش قوينىغا ئالمايدۇ،
ئۇنىڭدىن تەقدىرمۇ بىزار!...» دېگەن قا-
راشقا كەلدىم. - دە، ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەل-
لىي بەردىم. ئەتىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ
ئويلىدىم. مېھنەت ۋە ئىجادنىڭ ئىلگىرى
ماڭا ئاتا قىلغان ھىممەتلىرىنى كۆز ئال-
دىمغا كەلتۈردۈم. جەمئىيەتنىڭ ماڭا ئاتا
قىلغان ئالقىشلىرى بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇن-
دۇردۇم. ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى ماڭا ۋە جەم-
ئىيەتكە تونۇتقان، ھاياتىمنىڭ تۈپلۈك
مەنىسىنىڭ بەلگىسى بولغان غايە ۋە ئىشەن-
غا يېڭىباشتىن ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن
كىرىشىشكە بەل باغلىدىم.

... ئەل پايدىسىغا بېغىشلانغان مېھنەت -
يالقۇنلۇق ئوچاق. بۇ ئوچاق جىسمىڭنى غا-
جاۋاتقان ئەقىل ۋە روھىڭنى چىرىتىۋات-
قان، ئىرادەڭنى قاپساپ يەۋاتقان چىركىن
غەلە - غەشلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، سېنى
پاك - پاكىزە ۋە تاۋلانغان مەھكەم بىر
مەۋجۇتلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. ۋۇجۇدۇڭدىكى
شەخسىيەتتىن ئادا - جۇدا بولغان كۈن،
سېنىڭ تالماس قانات، يۈكسەك نەزەر ۋە
قايرىلماس ئىرادە ئىگىسى بولۇپ تۇغۇلغان
كۈنۈڭدۇر. سەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن
كۆڭلى كۆكسى دېڭىز كەبي كەڭ، ھاياتى
كۈچى جۇشقۇنلاپ تۇرغان ئىجادچان ئىن-
سانغا ئۆزگىرىسەن. ياشاش خۇشاللىقىنىڭ
پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىسىنى تېپىۋا-
لىسەن!...

... شۇنداق قىلىپ ئىشلىرىمغا كىرىشىپ
كەتتىم. ئىش بىلەن بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇ-
غاندەك بولدۇم. ھېرىپ - چارچىساممۇ كۆڭ-
لۈم يورۇق، ۋۇجۇدۇم يەڭگىل ئىدى. ھەر بىر
پارچە يازمام قولدىن چىققاندا بىر قېتىم
خۇشال بولاتتىم. بۇ خۇشاللىق شۇنچە ھالال،
شۇنچە لەززەتلىك ۋە يۈزى يورۇق خۇشال-
لىق ئىدى... مۇشۇ خۇشاللىقنىڭ ھوزۇرى بې-
سىققىچە يەنە بىر پارچە ئەسىرىم قولدىن
چىقاتتى، خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق
قوناتتى.

كاھىدا ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا باش
قاتۇرۇپمۇ قالاتتىم. لېكىن ئىلگىرىكىدەك

ئۇنىڭچە ئۈمىدسىزلىك ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئەمەس، ئەكسىچە «خام خىيالغا بېرىلمەي لايىقىدا بىرسى چىقسا ئۆيلىنىۋالاي، لېكىن بۇ قېتىم ئۆزۈمنى ھېسسىياتقا ئالدۇرۇۋەتمەي، بۇنىڭمۇ بىرەر ۋاقتى-سائىتى كېلەر ...» دېگەنلەرنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولدۇم. «خۇدا ئېيتقان بىرسى باردۇر، پۈككىدە ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ قالامدۇ تېخى!» دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە گاھىدا.

ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇرتتىن بىر دوستۇم كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمىزدىن بۇردا ناننى تەڭ تالىشىپ يەپ بىللە چوڭ بولغانىدۇق، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ ئايرىلماي بىر پارتىدا ئولتۇرغانىمىز. ھەر يىلى يۇرتقا بارسام «ۋاي...» دەپ ھالى قالمايتتى. ھەر بىر پارچە يازمامنى قالدۇرماي ئوقۇيتتى. قىزغىن خەتلەر يازاتتى. «سېنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىز!» دەپ كۆڭلۈمنى خوش قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە تۇنجى كېلىشى ئىدى، ئىچكىرىگە مېڭىپتۇ. ئۆيۈمدە تۇرغۇزۇۋالدىم. دېيىشمىگەن گېپىمىز قالمىدى. گويا سەبىي باللىق چاغلىرىمىزنى قايتا تېپىۋالغاندەك بولۇشتۇق. ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىم ئۈچۈن بەك ئېچىندى. «بالاڭنى يېتىم قىلمىساڭ بوپتىكەن، بولغۇلۇق بوپتۇ. ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما، بېشىڭنى تىك تۇتۇپ ياشا، بولسا دەررۇ ئۆيلىنىۋال، تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولمىساڭ، ئىجادىيىتىڭگە تەسىر يېتىدۇ. بۇ زىياننى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى خوتۇن دېگەن ياشقا ياش ئۇلاپ، ئۆمۈرگە ئۆمۈر قوشىدۇ...» دەپ قايتا - قايتا نەسىھەت قىلدى. مەنمۇ: «ئۆزۈممۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، قېنى بىر گەپ بولامدۇ؟» دېدىم. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز: «سەنئەت ئۆمىكى نەدە؟» دەپ سوراپ قالدى. ئويلاپ باقسام ئۆزۈممۇ بىلمەيدىكەنمەن. «بىلمەيدىكەنمەن» دېدىم. «جۈرە، ئىزدەپ تاپىمىز» دېدى. مەنمۇ «نېمە ئىش؟» دەپ سورىماي

ئۇنى باشلاپ ئۆيدىن چىقتىم. يولدا كېتىۋېتىپ: «ئاچامنىڭ چوڭ قىزى ئوزاقسى يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغانىدى. يوقلاپ قوياي» دېدى. ئۇنىڭ ياتىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ بىر كوچىدىن تاپتۇق. سورىساق، ئارقا بىنانىڭ 3 - قەۋىتىدە، دېدى. 2 - قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋاتساق، قاش - كۆزلىرى تۈكۈلۈپ تۇرغان زىبا بويلۇق، ئىككى قىز پەلەمپەيدىن پاقلاندەك ئويناقشىپ چۈشۈپ كېلىشتى. ئۇلار كىمنىدۇر زاڭلىق قىلىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە كۈلەتتى.

مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىر ئوغۇل بالىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. دوستۇم ئۇلارنى كۆرۈپلا جايىدا توختاپ قالدى.

قىزلار بىزگە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قاراپ قويۇپ يېنىمىزدىن پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىشتى. دوستۇم ئۇشتۇمتۇت قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن: «ئايگۈل!» دەپ چاقىرىپ قالدى. قىزلار ئورنىدا «چىپپىدە» توختاپ ئارقىسىغا چۆچۈپ قاراشتى - دە، بىزگە سىنچىلاپ سەپسالغاندىن كېيىن يۈزى يۇملاق كەلگىنى «ئاكا!» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاھاڭىدا ھەيرانلىق ئارىلاش خۇشاللىق تولۇپ تاشقانىدى. ئەكسىچە، دوستۇمنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— ئاكاڭنىمۇ تونۇماس بولۇۋالدىڭمۇ؟ قېنى قانداق قىلىدىكەن، دەپ قاراپ تۇرسام كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ بارىسىنا؟ — دېدى دوستۇم سىڭلىسىنىڭ ئۇن خالتىسىغا مىلەپ چىققاندەك ئۇپا - ئەڭلىك تۈكۈلۈپ تۇرغان يۈزىگە ئۆچلىكى بىلەن تىكىلىپ.

دېمىسىمۇ بۇ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە چىرايلىقلىقى يېتىشمىگەندەك كۆز - قاپاق، لەۋلىرىنى چاڭچىلىكەشتەك يېشىل، سۆسۈن، قىزىل، كۆك قىلىپ سىرلىۋالغانىدى. مەن دوستۇمنىڭ يېڭىنى ئاستا تارتىپ قويدۇم. قىزلارنى خىجىل بولۇپ قالارمىكىن، دېگەننىدىم. لېكىن دوستۇمنىڭ سىڭلىسى خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ئاغزىنى بىر قىسما

قىلىپ كۆلۈپ قاپاقلىرىنى سۈزگىنىچە كېرىلىپ ئاكىسىغا ئەركىلەپ سۆكاندى ۋە ئاۋازىنى يىغلىغاندەك چىقىرىپ:

— بىز دېگەن ئارتىس، ئاكا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن شەھەر، مەدەنىيەتلىك يۈرمىسەك بولامدۇ؟... ئوھوش ئاكا، كېلەر كەلمەستىنلا ئادەمنى تىللىمىغىنا، — دېدى ۋە پىخىلداپ كۆلۈپ ئاكىسىنىڭ قولىدىن تارتتى. چوپچوڭلا بىر قىزنىڭ يات بىر ئەركەكنىڭ ئالدىدا تۆت ياشلىق بالىنىڭ قىلىقىنى قىلىپ بۇنچە تولغۇنۇپ ئەركىلەپ كېتىشى غىجىقىمغا تەگدى. ئېسىمدە يەنە: «ئارتىس ئەمەسمۇ، ھەر قاچان ئۆزلىرىنى سەھنىدە دەپ ھېس قىلسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. بىر چاغدا قارىسام ئايگۈل دېگەن قىزنىڭ دوستى، مېنىڭ يان تەرىپىمدە تۇرۇپ خۇددى ئېشەك بازىرىدا ئېشەك باھالاۋاتقان تەجرىبىلىك بىدىكتەك مېنىڭ باش-ئايىغىمغا تازا سىنچىلاپ قاراۋېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىمنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغىنىمنىڭ ئورنىغا قاپىقىنى سۈزۈپ، سۈرمە تارتقان چىرايلىق كۆزلىرىنى ئەتەي خۇمالاشتۇرۇپ، سالام ئورنىدا كۆزۈمگە تىكىلىپ جىلمىيىپ قويدى. مەنمۇ زورىغا بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— قېنى، ياتىقىڭغا باشلىمامسەن؟ ياتىقىڭ نەدە؟ — دېدى دوستۇم توڭلۇق بىلەن سىڭلىسىغا.

— 3 — قەۋەتتە، جۇرۇڭلار...

قىزلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا چۈشۈپ بىزنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار بىزنىڭ (توغرىراقى مېنىڭ) كۆز ئالدىمدا تال چىۋىقتەك بەللىرىنى تولغاپ، بەدىنىگە چاپلىشىپ جىمى ئەزاسىنى «مانامەن» دەپ بۆلەك - بۆلەك كۆرسىتىپ تۇرغان پارقىراق ۋە تار دوداشىم ئىچىدە تەمبۇرنىڭ كالىمىدەك پوسكىيىپ تۇرغان تولغان ساغرىلىرىنى ئويىنىتىپ ئەتەي قىلىق چىقىرىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراۋېرىشكە خىجىل بولۇپ چەتكە قارىۋالدىم. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىسام غەزەپ ۋە ئويياتتىن دوس-تۇمىنىڭ بۇرنىنىڭ پەررەكلىرى كېرىلىپ كېتىپتۇ.

قىزلار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ بىزنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

— قېنى، مەرھەمەت...، — قىزلار قوللىرىنى ئۈسسۈلھەرىكىتىگە كەلتۈرۈشتى.

ئايگۈل بۇ قېتىم ئاكىسىغا ئەمەس، ماڭا قاراپ تەكەللۇپ بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ دوستىنىڭ كۆزلىرىدەك شوخ ۋە سىنچى كۆزلەر ئىدى. «كىچىككىنە قىزلار - ھە؟!» دەپ ئويلاپ قالدىم ئۆزۈمچە. مەن دوستۇمنى ئالدىغا ئىتتەردىم.

— قېنى، سەن باشلىغىنا.

دوستۇم سىڭلىسىغا قاراپ:

— قۇيرۇقى يوق تەخەيدەك بولىۋالغىچە كۆڭلەك كېيىپ يۈرسەڭ بولمامدۇ، ماڭە كىرىپ كۆڭلەك كېيىپ چىق، — دېدى توڭلۇق بىلەن. ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىقمىغانىدى. ئايگۈل ئاكىسىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ سەل چۆچىدى بولغاي، ئۇنىڭغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ بىر نەرسە دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە ياتاققا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. ھېلىقى قىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. بۇ ئىككىسى بىر خىل كېيىنىۋالغانىدى. ئۇلار تېزلا قايتىپ چىقىشتىدە، ئايگۈل ئاكىسىغا قاراپ بايىقىدەك ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— ئەمدىغۇ بولغاندۇ، ئاكا،... — دېدى. ئاكىسى ئۈنچىقمىدى.

بىز ئىچكىرىگە كىردۇق. كىچىككىنىلا بۆلمە ئىكەن، ئىككى كارىۋات بىلەن بىر شىرە ئارانلا سىغىپتۇ. ئۆيگە كىرىشىم ھامان ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالغان ئۇپا - ئەڭلىك ۋە ئەتىرنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى بۇرنۇمنى قىچىشتۇرۇۋەتتى. مېنىڭ بۇرنۇم غەيرىي پۇراققا ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى. ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشساممۇ بولمىدى. ئاخىرى بۇرنۇم ئۆزۈلگىدەك

قىلىپ بىرنى چۈشكۈرۈپ تاشلىدىم. شۇ ھامان قىزلار ئاۋازىنى قوڭغۇراقتەك جىقىرىپ كۈلۈۋېتىشتى. بىز بىر كارىدۇاتقا كېلىپ ئولتۇردۇق. قىزلارنىڭ كۈلكىسى توختاشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىمۇ سۈنئىي ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاراڭلىق ۋە سۈزۈك ئاۋازى بىلەن ئارتىسلارغا خاس خۇي - خۇلقىنى بازارغا سېلىۋاتاتتى. مەن خىجالەت بولۇشنىڭ ئورنىغا نېمىشقىدۇر خۇشال بولدۇم، ئۆزۈمنىمۇ ئاجايىپ چۈشكۈرۈش «قابىلىيىتىم»دىن ھوزۇرلاندىم. دېمىسىمۇ مەن ھېچقاچان بۇنداق سەت ۋە كۈچلۈك چۈشكۈرمىگەنىدىم. قىزلار بىر ھازادىن كېيىن توختاپ، شىرەگە تاتلىق - تۈرۈملەرنى تىزىشقا باشلىدى.

شىرەدىكى نەرسىلەر مېھمانىنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئەمەس ئەكسىچە پەقەت كۆرۈملۈك ئۈچۈنلا قويۇلغاندەك، تەخسىگە شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن تىزىلغانىدىكى، كىشىگە گويا قول تەگسىلا بۇزۇلۇپ كېتىدىغان نەپىس قەغەز گۈللەرنى ئەسلىتەتتى. يەنە كېلىپ تەخسىلەرگە ناھايىتى ئازدىن قويۇلۇپتۇ. چايدانىدىكى ئامان چايدىن قۇيۇشتى. چايمۇ پەقەت كىشىنىڭ لېۋى ھۆل بولغۇدەكلا قويۇلغانىدى.

دوستۇم بىلەن سىڭلىسى ئەمدىرەك تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى. يۇرتىنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىر-بىرىگە تونۇشتۇرۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سۆزگە چۈشتى. مەن ئايىگۈلنىڭ دوستىنىڭ نازاكەتلىك زورلاشلىرىغا بىنائەن ئەدەپ يۈزىسىدىن پىيالىدىكى چاي بىلەن كالپۇكۇمنى «ھۆللەپ» قويدۇم. ئۇ قىز بىر چاغدا تەكەللۇپ قىلمايلا مېنىڭ قايسەردە ئىشلەيدىغانلىقىمنى، ئىسمىمنى سورىدى. مەن خالار - خالىماي ئېيتىپ بەردىم. ئۇ قىز ھەيران بولۇپ ماڭا باشقىدىن سەپسېلىپ چىقتى ۋە نازۇك ئاللىقانلىرىنى ھاياجان بىلەن بىر - بىرىگە سۈركەپ، كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز - دە؟ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇغانىدۇق. تۇۋا!... ھە... راست، دادامنى تونۇمسىز؟

مەن كۈلۈۋەتتىم:

— بەك جىق دادىلارنى تونۇيمەن. دۇنيادا دادىلار بەك كۆپقۇ؟ لېكىن سىزنىڭ دادىڭىز كىم ئىكىن؟

قىز نارازى بولغاندەك قاپىقىنى سۈزدى.

— مېنىڭ دادام شائىر...

— ۋاھ... شۇنداقمۇ؟ مەن شائىر دادىلارنىمۇ جىق تونۇيمەن. ئەمما...

— مېنىڭ دادامنى ھەممىلا ئادەم بىلىدۇ. سىز ئەجەب بىلمەيدىكەنسىز؟!

قىز گويا ئۇنىڭ ئات - جۇنى يوق دادىسىنى تونۇمىغىنىم قالتىس بىر خاتالىق - تەك ماڭا ھاڭ - تاڭ بولۇپ دوق قىلدى.

مەن بۇ قاپاقباش ساھىبجامالنىڭ ھاماقەتلىكىگە يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇپ كۈلۈپ سورىدىم:

— ھە... كەچۈرۈڭ، دادىڭىزنىڭ ئىسمى ياكى تەخەللۇسى نېمىكىن؟

قىز ئۆزىنىڭ شۇ چاقىقچە دادىسىنىڭ ئات - جۇنىنى ئېيتمىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماي:

— مېنىڭ دادام يىكايە يازمايدۇ، («ئۇنداقتا ئەركايە يازامدۇ؟» دەپ سورىغىلى تاس قالدىم.) شۇڭا تەخلۇسى يوق. شېئىر يازىدۇ. رازدىق. مۇخابەت شېئىرلىرىنى كۆپ يازىدۇ...

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تىكىلدىم ۋە يەنە نېمىلەرنى دەيدىكىن، دەپ تېخىمۇ قىزىقىپ قالدىم:

— ھە... قاراڭ سىڭلىم، «يىكايە» دېمەيمىز «ھېكايە» دەيمىز، «تەخلۇسى» ئەمەس «تەخەللۇسى» دەيمىز. «مۇخابەت» ئەمەس، «مۇھابەت»مۇ ئەمەس، «مۇھەببەت» دەيمىز. «تەخەللۇسى» دېگىنىمىز «ئەدەبىي لەقەم» دېگەنلىك بولىدۇ، ئەدەبىي لەقەمنى ھېكايە

يازىدىغانلارمۇ، شېئىر يازىدىغانلارمۇ قويۇۋېرىدۇ.

قىز مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— مۇشۇ ئورغۇيچە گەپىڭىزگە يۆتىقى تولا ئىكەن...،— ئۇنىڭ چىرايىدىن بىزارلىق تۇيغۇسى بىلىنىپ تۇراتتى.

مېنىڭ يۈرىكىم «جىغ» قىلدى. مەنمۇ تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ گېپىنىڭ كۆتىگە تېپىۋەتتىم:

— ئورغۇيچە ئەمەس، «ئۇيغۇرچە» دەڭا— ئاۋازىم قوپال ۋە تىترەپ چىقتى. قىز ماڭا نارازىلىق بىلەن ئالايدى:

— ھۆششتە، ئاغزى كەلمەيدىكەن ئادەمنىڭ، قايسىسى ئاسان بولساشۇنى دېمەمدۇ؟ — دېدى ئۇ تومشۇقىنى ئۈچلاپ. ئۇ شۇ تاپتا باياتىندىن بېرى بازارغا سېلىۋاتقان يالغان نازاكىتى بىلەن، مېھمان ئالدىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ئەدەبىنىمۇ يادىدىن چىقارغانىدى. مەن ئۇنىڭغا تەگسىز ئېچىنىش ئىچىدە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم. قىزچاق مۇھىم بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە مېنىڭ كەيپىياتىمدا سادىر بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشكە پەرۋا قىلماي جاۋىلداپ كەتتى:

— دادامنىڭمۇ ئەدەبىي تەخلۇسى، ھە... نېمىتى، ھە، توغرا ئەدەبىي لەقىمى بار، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەمدى يادىمغا كېچىۋاتىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى بېسىپ زەردە بىلەن سورىدىم:

— تەخەللۇسى نېمە دادىڭىزنىڭ (تەخەللۇسى دېگەن سۆزنى يەنە بۇزۇپ ئېيتقىنىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بۇ سۆزنى كۈچلۈك ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتىم) — يەنى ئەدەبىي لەقىمى؟

— رازىق مەدھىيە، خەقلەر دادامنى رازىق قەسىدەدۇ دەيدۇ، — دېدى قىز قانائەت ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن.

بۇ قىزنىڭ ئاخىرقى سۆزى بىلەن تەڭ بايىقى ئاچچىقىمدا يېرىلاي دەپ ئولتۇرغان ئادەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم. بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە دوستۇمنىڭ قولاق سېلىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇمۇ ئۆزىنى كاردىۋاتقا تىزىقلىق يوتقان - ياستۇققا تاشلاپ بار ئاۋازى بىلەن كۈلۈۋەتتى.

بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرغان بۇ ئىككى قىز كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىزگە بىردەم قاراپ قالدى - دە، كېيىن ئۇلارمۇ ئىككى تەرەپكە ئىغاڭشىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

دوستۇم بىلەن ئىككىمىز مەيدىمىز ئاغرىپ، كۆزىمىزدىن ياش چىققىچە كۈلۈشتۇق.

بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىمىزنى ئاران باستۇق، قىزلارمۇ كۈلكىدىن توختىدى. مەن ھېلىقى قىزدىن:

— سىلەر نېمىگە كۈلدۈڭلار؟ — دەپ سورىدىم قىزىقچىلىق قىلىپ.

— سىلەر نېمىگە كۈلگەن بولساڭلار بىزمۇ شۇنىڭغا كۈلدۇق، سىلەر كۈلسەڭلار بىز قاراپ ئولتۇرالايمىزمۇ؟ — دېدى غەم تارتماي، بۇ گەپ بىلەن تەڭ بىزنى قايتىدىن كۈلكە تۇتتى. دوستۇم بىلەن ئىككىمىز كاردىۋاتقا ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئېغىناپ باشقىدىن كۈلۈشكە باشلىدۇق. ئەسلىدە بۇ قىزلار بىزنىڭ نېمىگە كۈلگىنىمىزنى تېخىچە چۈشەنمىگەن ۋە ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا بىزگە قاراپ كۈلۈۋەرگەنىكەن. «تاكسى شوپۇرىدىنمۇ ساۋاتسىز مۇشۇ قىزلارنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەيمىز - ھە؟! ئەقەللىسى ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنىمۇ توغرا ۋە ئەينى ئاتىيالمىسا... ھەقىقىي مانقۇرتلار ئەنە شۇ بولار! دۇنيانىڭ جىمى يېرىنى كېزىپ چىقساڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەخمەقلەردىن يەنە تېپىلارمۇ؟ بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىمىز مانا بۇلاردەك ئەخمەق مانقۇرتلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقسا، بىزنىڭ ھالىمىز نېمە بولار؟...» دەپ ئويلاپ قالدىم قاتتىق كۈلكە ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت. شۇ ھامان بىر ئاچچىق ھەسرەت يۈرىكىمنى ئۆرتىۋەتتى. ئاخىرىدا بېرىپ ئۆزۈم كۈلۈۋاتىمەنمۇ،

ياكى يىغلاۋاتىمەنمۇ، كۆزۈمدىن چىقىۋاتقىنى كۈلكىنىڭ يېشىمۇ ياكى يىغىنىڭمۇ بىلەلمىدىم.

## 10

ياتاقتا بىر سائەت ئاشۇ تەرىزدە ئولتۇرۇشقانىدىن كېيىن قىزلار بىلەن ئەتىسى كۆرۈشىدىغان بولۇپ قايتىپ چىقتۇق. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ دوستۇم ئۆزىچىلا جىمىپ كەتتى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. مەنمۇ ئۈنچىقمىدىم. ئۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ سىڭلىسىنى ئويلاۋاتامدىكىن؟ ئۇنىڭغا سىڭلىسى بىلەن ئۇچرىشىش دەرۋەقە يامان تەسىر قىلغانىدى. دېمىسىمۇ مەن ئاشۇ قىزلارنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ كونىلارنىڭ «ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيدىغانلار» دېگەن سۆزىنىڭ دەل مۇشۇنداقلارغا قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم.

... راست، ئۇلار ئۇچۇۋاتىدۇ، نىشانسىز، مەقسەتسىز، غايە - ئېتىقادسىز ھالدا ئۇچۇۋاتىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى ئۇچۇۋاتقان ئاشۇ چەكسىزلىكنى، ئاشۇ پايانسىز كەڭلىكنىلا كۆرىدۇ ۋە شۇ چەكسىزلىك ھەم كەڭلىك تامان ئۇچۇشنىلا بىلىدۇ...

- لېكىن ھەر بىر مەۋجۇتلۇق ئۆزىنى ياراتقان، ئۆزى يارالغان بىر ئۆزلەككە، كونكرېت مەنادىكى بىر بوشلۇققا تەۋەغۇ؟ ئۇ پەقەت ئاشۇ تەۋە، ئاشۇ ئۆزلەكتىلا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇغۇ؟ كونىلارنىڭ «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېغىر» دېگەن سۆزىدىكى ئۇلۇغ پەلسەپە دەل مۇشۇنىڭدىغۇ؟ مۇبادا بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۆزلىكىنى، تەۋەلىكىنى يوقاتسا، ئۇ ھالدا بۇ ئادەم تۈپ ماھىيىتىدىن ئايرىلىپ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىنى ياراتقان، بېقىپ ئۆستۈرگەن، تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان، ئۇنى كۈچەيتكەن، تەكەممۇللاشتۇرغان ئۆزلىكى بىناشقا ھەر قانداق مەۋجۇتلۇقنىڭ تەۋەچانلىقىغا سىڭىشتۇرغىلى بولماس دەرىجىدە ئېنىق ۋە روشەنغۇ؟

شۇنداق، ئادەم دېگەن كاككۇك ئەمەستە ئۇدۇل كەلگەن يەردە دانلاپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە يازلاپ، ئۆز نەسلىدىن بولمىغان ئاللىقانداق جانلىق بىلەن جۈپلىشىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۇخۇم چىقىرىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇچۇپ ياشاۋېرىدىغان! ھېلىقى قىزلار شۇ تۇرقىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىكىنى تونۇمدۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟ ئۇنى سۆيەمدۇ؟ ئۇنىڭغا تەلپۈنەمدۇ؟

ئۆزلۈك ۋە تەۋەچانلىق ئىگىسى يوق بۇ پەپىلىقۇشلار مۇشۇ ئۇچۇشىدا نەگە بېرىپ چۈشەركىن؟

ئېغىر خىيال مېنى بارغانسېرى ئەزمەكتە ئىدى. مەن لېۋىمنى چىشلىگىنىمچە خىيال ئالىمىدە، ئۇدۇلىمىزدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارلىق ۋە بۈيۈك بوغدا چوققىسىغا تىكىلىپ مەجھۇل بىر ھالدا كېتىۋاتاتتىم.

- مۇشۇ ھارىمىنى ئالامسەن-يە؟

دوستۇمنىڭ ئاۋازى مېنى ئېغىر خىيالدىن ئويغاتتى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئۇ مەن تەرەپكە قارىماي دەل بايىتىدىن بېرى مەن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ چوققىغا تىكىلگىنىچە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سوغۇق ۋە قەھىرلىك ئۇچقۇنلار ياناتتى. چىرايىدا دىلى قاتتىق ئازار يېگەن ئادەمنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىك قېتىپ قالغانىدى.

- نېمە دېدىڭ، - دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

ئۇ ماڭا كەسكىن بۇرۇلۇپ دېدى:

- ئايگۈلنى ئالغىنا بولمىسا...

مەن قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا مىلتىق ئېتىلغاندەك «دىڭگىدە» چۆچۈپ كەتتىم ۋە «ئۇ ئېلىشىپ قالدىمۇ-نېمە؟» دەپ خەۋپسىرەپ دوستۇمغا ھاڭ-تاڭ بولۇپ تىكىلدىم. ئۇ ماڭا بەرجەس ۋە قەتئىي ھالەتتە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقچاق قىلغاننىڭ ياكى روھىي ھالەتتىكى باشقىچە غەيرى ئۆز ھالىتىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. مەن

ئۇنىڭ چۈس ۋە جىددىي ھالىتىدىن ئۇنىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقىغا ئىشەندىم-دە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي ئۇنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم سىقىمدىغىنىمچە ئۇنى مېڭىشقا ئۈندىدىم. مەن شۇ تاپتا يۈزۈمنىڭ نامەلۇم بىر تۇيغۇدىن ئوتتەك كۆيۈۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتاتتىم.

— خۇدايا توۋا دېگىنە، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئۇ مېنىڭ تۇرتۇشۇم بىلەن تۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ ماڭغاچ ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتتى ۋە يەنە ھېلىقى چوقىلارغا تىكىلگىنىچە دېدى:

— راست دەيمەنا، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ قالدىم. شۇ تاپتا ھەر قانداق يولدىن تايمىغىدەك، قايتۇرۇپ يۇرتقا ئېلىپ كېتىشنىڭ تېخى ئورنى يوق، ئىشسىز قالدۇڭ بولمىسا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئانا يولى بىلەن تەربىيىلىنەتتى...،—

دوستۇم بىر يېرى ئاغرىغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — ئۇنى شۇ ھالغىچە قويۇۋېتىشكە قانداق چىدايدۇ كىشى... توۋا دەپ قالدىم، ئۇنىڭلا شۇنداقمىكىن دېسەم ھېلىقى دوستىچۇ تېخى...

— ياق. سېنىڭ سىڭلىڭ ۋە ئۇنىڭ دوستىلا ئەمەس، پۈتۈن بىر ئەۋلاد، — دېدىمەن پۈتۈمنىڭ ئۇچىغا قاراپ كېتىۋېتىپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

— شۇنداق، پۈتۈن بىر ئەۋلاد... ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چالا چۈشكەن ئەۋلاد، ئۇغۇز سۈتىنىڭ ئورنىدا گاز سۈيى ئىچىپ چوڭ بولغان ئەۋلاد. ئۇلار شۇڭا ئۆز ئانىسىنى تونۇمايدۇ، — دېدى دوستۇم ھەر بىر سۆزىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ غەزەپ بىلەن، — ياق، بۇلارنى بۇنداق قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇلارغا ئەجدادلارنىڭ يولىنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى تونۇتۇش، ئەجداد روھى بىلەن ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ، بوش ۋە تۇرۇق قەلب دۇنياسىنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھايات چۈشەنچىلىرىنىڭ، پىكىر-تەپەككۇرىنىڭ چىرىغى بىلەن يورۇتۇش كېرەك! قارا، ئاغىنە، ئايىكىنى ئالساڭچۇ؟ ئۇ ئالۋاستىنى سەن ئادەم قىلالايسەن. تېگى ياخشى ئۇنىڭ، ئۆزۈڭ بىلىسەن. لېكىن شۇ تاپتا ئالۋاستىنىڭ ئۆزى بولۇپ ھازىر. قارا، ئاداش، ئۇ ئانا بولىدۇ، ھازىر بولمىسا كەلگۈسىدە بىر دەۋىر ئانا بولىدۇ. ئانا دېگەن ئەۋلاد ياراتقۇچى، نەسلىنى ساقلاپ قالغۇچى، بىزنى ساقلاپ قالغۇچى، دېگەن سۆز. ئويلاپ باقە، مانا ئاشۇ ئايەك ۋە ئۇنىڭ دوستىدەك «ئانا»لاردىن قانداق ئەۋلاد تۆرەلمەكچى، ئۇلار ئەۋلادقا نېمە بېرەلەيدۇ؟ ئۇ چاغدا ئەۋلادىمىز نېمە بولىدۇ؟ ئانىلىرىمىز ئالۋاستى بولسا ئۇرۇق-نەسلىمىز ئەسلىنى بىلمەيدىغان، ئەسلىنى تونۇمايدىغان جىن بىلەن شەيتانغا ئايلىنىپ كەتمەمدۇ؟...

ئۇ ئېغىر پۇشۇلداپ سۆزىدىن توختىدى. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى چىڭقىلىپ كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

... دوستۇم ھەقلىق ئىدى. بۇ ۋەھىمە شۇ كۈنلەردە ھەممە ئاتا بولغۇچىنىڭ يۈرىكىنى قىسىپ تىتىماقتا ئىدى. لېكىن ئۇلارنى تەربىيىلەشنىڭ يولى بۇ ئەمەس - ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمدىن تەڭ ياش كىچىك بىر قىزنى ئالىمەنمۇ؟ مەن دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ باشقا گەپ - سۆز قىلمىدىم. خاتا قىلغانىكەنمەن، دوستۇم مېنىڭ ئۈنچىقمىغىنىمنى «قوشۇلدى» ياكى «ئويلىنىۋاتىدۇ» دەپ چۈشىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇنى كېيىنرەك بىلدىم.

## 11

دوستۇم بېيجىڭگە ماڭغىنىچە ئايگۈل ئۈچىمىز كۈندە دېگۈدەك بىللە بولدۇق. بىزنىڭ ۋاقتىمىز ئاساسەن كوچا ئارىلاش، تونۇش - بىلىشلەرنىڭكىگە بېرىش بىلەن ئۆتتى. ئاخىرى دوستۇم ماڭىدىغان بولدى. ئايگۈل بىلەن ئىككىمىز ئۇنى ئايرودرومدا ئۇزىتىپ قويدۇق. دوستۇم ئايروپىلانغا چىقىدىغان چاغدا مېنىڭ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ ئايگۈلنىڭ ئالدىدىلا:

- ئايگۈلنى ساڭا تاپشۇردۇم، پۈتۈن ئىشلىرىغا سەن ئىگە، كېيىنكى ئاڭلىمىسا قۇلىقىنى ئۈزۈۋال، - دېدى ۋە ئايگۈلگە قاراپ:

- ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلا، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قۇلىقىڭدا تۇت، ئۇنىڭ گېپىنى يېرىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭ بىلگەن ھەممىگە دەسسەيدىغان بولساڭ سېنىڭدەك سىڭلىم يوق!

تەگقىسلىقتىن قىزىرىپ - بوزۇرۇپ كەتتىم. ئەينى چاغدا گەپنى ئوچۇق قىلىۋەتمىگىنىمگە مىڭلارچە پۇشايمان قىلدىم. ئايگۈل بولسا دەم قاپقارا كۆزلىرىنى ئەتەي يوغان ئېچىپ ياسالغان ھەيران بولغاندەك قىلسا، دەم ئاغزىنى يۇرۇپ ئاكىسىنى يارىتمىغاندەك تۈمتۈقىنى سوزۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى پۈتۈن تۇرقىدىن ئاشۇ مۇستەبىت ئاكىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىدىن تېزراق قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقىش ئىستىكى ئاشكارا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ تاقەتسىزلىكىنى شەيتانلىق بىلەن، باللارچە شوخلۇق بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. ئاكىسى سۆزلەۋاتقاندا ئايگۈل ماڭا قاراپ كۈلۈپ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. سىڭلىسىنىڭ ئۇماقلىقى دوستۇمنى باش ئەگدۈردى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ كۈلگىنىنى كۆرمىۋېدىم، ئۇ ئاخىرى كۈلدى. لېكىن بەگباش سىڭلىسىنىڭ ئالدىدىكى قۇدرەتلىك ئوبرازىنى ساقلاپ قالاي دېگەندەك كۈلكىدىن ئۆزىنى دەررۇ توختىتىۋالدى ۋە:

- نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيتىڭ شۇنچە بىزەڭلىكنى... سەن جىننى خەپ توختا. ئەمدى سېنىڭ ئادەم بولمىغىنىڭنى كۆرەي... ئۇنى مەھكەم تۇت جۇمۇ ئاداش...

ئايگۈل پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. مەن ئاغزىمغا كەلگەن گەپنى بوغۇزۇمغا يۇتقىنىمچە غىققىدە بولۇپ تۇرۇپ قالدىم ۋە ئارانلا:

- خەير ....، - دېيەلىدىم.

- خېتىڭنى كۈتىمەن، - دوستۇم قولۇمنى مەھكەم قىسىپ قويدى.

- خوش، ئاكا، ماڭا ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىشنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ!

ئايگۈل ئاخىرقى مىنۇتتا ئاكىسىغا قاراپ قىيىمىغاندەك كۈلدى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئايگۈل كۈلۈپلا يۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ پەقەت مۇشۇ قېتىمقى كۈلكىسىلا سەممىي ۋە چىن كۆڭلىدىن چىققان كۈلكە ئىدى.

ئايروپىلاننىڭ قارىسى كۆزدىن يۈتكەندىن كېيىن بىز چوڭ زالدىن قايتىپ چىقىپ ماشىنا توختاش مەيدانىغا كەلدۇق. رادىئودا شەھەرگە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسنىڭ ماڭىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەن بىلەت ساتىدىغان تۆشۈكنى ئىزدەپ ماڭدىم.

- نەگە بارىسىز؟ - ئايگۈل سوراپ قالدى.

- قايتىپ كەتمەمدۇق؟

- يەنە زال تەرەپكە كېتىۋاتىسىزغۇ؟

- ئاپتوبۇسقا بىلەت ئالاي دەيمەنا؟

- نېمە؟ - ئايگۈل خۇددى ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپنى مېنىڭ ئاغزىمدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ئەگىم قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ ھەيران بولغاندەك تۇۋلىۋەتتى. مەن ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك نېمە دېگەنلىكىمنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭدىن بەتتەر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

— ۋاي - ۋۇي ماۋۇ ئاكاشىنى، شۇنچە ئېسىل پايەدا - پىكاپلار تىزىلىپ تۇرغان يەردە ئاشۇ تۆمۈر ساندۇقتا ئەسكى چاپاندەك تىقىلىنىسىزمۇ؟ - چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئاپتوبۇس تەرەپنى ئىما قىلدى.

— ئەمىسە نېمىدە ئولتۇرىمىز؟ - تەتتەت بولۇپ سورىدۇم مەن.

— ئاۋۇ پىكاپلاردىچۇ؟- قاتارلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن تاكسىلار تەرەپنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

— ئۇ پىكاپلار كىرا قىلمايدۇ، ھەممىسى باشلىقلارنىڭ ماشىنىسى ئىكەن، قاراڭ «تاكسى» دېگەن خېتىمۇ يوق ئىكەن ...،- دېدىم مەن خۇپسەنلىك قىلىپ.

— نېمە؟ - ئايگۈل مېنى يارىتمىغاندەك كۆزلىرىنى ئالاك - بۇلاك قىلىپ باش - كۆزۈمگە قاراپ قويدى،- پۇل بەرسە كىرا قىلمايدىغان قانداق پىكاپ ئىكەن - ئۇ؟ ئىدارە شوپۇرلىرىمۇ پۇل تاپىدۇ. ئۇ ئۇدۇلىمىزدىكى بىر پىكاپنىڭ يېنىدا قىمىرلاپ يۈرگەن بىرسىنى چاقىردى:

— ھەي دولى ...

مەنمۇ ئۇ تەرەپكە قارىدىم. ئالا - بۇلىماچ مايكا كىيىۋالغان بۇدرە چاچلىق بىر يىگىت بىز تەرەپكە قارىدى ۋە جاۋابەن تۈۋلىدى:

— ئايىي...

ئايگۈل مېنى تاشلاپ ئۇ يىگىت تەرەپكە ئۇچتى. مەن تۇرغان جايىمدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئەگلا بارسا خېلى تەييار ئىكەن - دە. قانداقلارچە تونۇۋالدىكىنە ئۇ يوغۇباشنى! ئايگۈل بىلەن ھېلىقى يىگىت بىر نېمىلەرنى دېيىپ كۈلۈشتى ۋە بىر كەمدە ئايگۈل ماڭا قاراپ قولىنى پۇلاڭشىتىپ ئىشارەت قىلدى.

— بۇياققا كەلمەمسىز؟

مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم. ھېلىقى يىگىت ماڭا ياۋايىلارچە نەزەردە «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ ئاغزىدىكى چىشلىۋالغان تاماكىسىغا گاز چاقماقتا ئوت تۇتاشتۇردى. مەن ئۇنىڭغا رەسمىيەت ئۈچۈن سالام قىلدىم.

— ياخشىمۇسىز ...

ئۇ يىگىت مېنى مەنسىتمىگەندەك، بېشىنى كىلدىڭلىتىپ قويدى ۋە ئاغزىدىكى ئىسىنى ئايگۈلنىڭ يۈزىگە پۈۋلەپ ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— ئەسلىدە 70 سومغا ئاپىراتتى، تونۇش بولغاچقا 50 سومغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. مۇشۇ پىكاپتا كېتەيلى.

— ياق، 60 سوم بېرىڭلار، بولمىسا ...،- دېدى ھېلىقى يىگىت شىمىنىڭ كەمىرىدىگە قولىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئالچىيىپ تۇرۇپ.

ئايگۈل شوپۇر يىگىتنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاق بىلەن بىرنى قويدى ۋە ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— ماڭە تاز، 50 سوم بەرگەنگە خوش بولە، بولمىسا ئولتۇرمايمەن بۇ ئەسكى ماشىناڭدا. ئالچاڭنى بىلمەمسەنغۇ، سەپىسىن «بېنىز»، «خان تاجى» لاردا ئولتۇرىدىغىنىمنى ...

— ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭغۇ مەنمۇ خەقتەك سەندىن پۇل ئالمايتتىم...،- دېدى يىگىت ئايگۈلگە قاراپ ھاياسىزلىق بىلەن لېۋىنى چىشلەپ قېشىنى ئۇچۇرۇپ. كۆز ئالدىمدىكى ئۇياتسىزلىقتىن تېنىم قورۇنۇپ، يۈز - كۆزۈم چىمىرلاپ كەتتى. مەن ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ چەتكە قارىۋالدىم.

— ئۆتەيپارە بىرەڭ...- ئايگۈل ئۇ يىگىتنىڭ

ئۈياتسىزلىقىنى قىيىتتىمۇ ئالماي كېلىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە مېنى چاقىردى. مەن ئامالسىزلىقتىن ماشىنىغا چىقتىم، ئۆزى شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

يولدا كېتىۋېتىپ شوپۇر بىلەن ئايگۈل ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كالدىرلىشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ يېرىمىنى چۈشەنسەم، يېرىمىنى زادىلا چۈشەنمىدىم. ئۇلار قانداقتۇر كىنو چولپانلىرى، چاقماق ئۇسسۇلى، ئىلان ئۇسسۇلى، كىيىم مودىۋازلىقى ۋە ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قارا بازاردىكى نەرقى ناۋاسى ... توغرىسىدا بىر - بىرىگە ئۇچۇر بېرىشتى بولغاي، ئاخىرىدا نەلەردىدۇ بىللە ئويناشقان تانسا كېچىلىكى، يېقىندا مەخپىي كۆرۈشكەن شەھۋانىي سىنئالغۇ فىلىملىرىدىكى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان كۆرۈنۈشلەر توغرىسىدا ئاشكارا ۋە ھەۋەس بىلەن سۆزلىشەتتى. يىگىت ئايگۈلنى دەم «ئايى» دېسە، دەم «گۈلى» دەپ چاقىراتتى. ئايگۈل بولسا ئۇ يىگىتنى دەم «دولى» دېسە دەم «دولقۇن» دەپ ئاتايتتى. بەزىدە بولسا مېنى ماشىنىغا تاشلاپ قويۇلغان سەپەرسومكىسى دەپ ئويلاپ قېلىشتىمۇ بىر - بىرىنى چىمدىشىپ، ئۆز ئارا كۆزلىرىنى قىسىشىپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشەتتى. ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى. دەررۇ كۆزۈمنى يۇمىۋالدىم. بىر كەمدە پىكاپ توختىدى. مەن كۆزۈمنى ئاچتىم. قارىسام، شەھەر رايونىغا كەپتۇق. «نەگە بارىسىز؟» دەپ سورىدى ئايگۈل ئارقىسىغا قاراپ مەندىن. مېنىڭ پىكاپ ئىچىدە ئولتۇرغىنىمنى ئەمدىرەك ئېسىگە ئالغان ئوخشايدۇ. مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئەسلىدە ئايگۈلنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ رەغبىتىم يوق ئىدى. «نەگە بارسا بارمامدۇ؟» دەپ ئويلىدىمەن جۇدۇنۇم تۇتۇپ.

— مەن ئۆيگە كېتىمەن.

ئايگۈل كۈلدى:

— مەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ «بىز» دەڭ (ئۇ، بىز دېگەن سۆزنى يېرىم غۇلاچ سوزدى...) ئاكام نېمە دېگەن؟ ئاكام مېنى سىزگە تاپشۇرۇۋەتمىدىمۇ؟...

— ھە ... راست، ئۇغۇ شۇنداق، مەيلى ئەمىسە، — دېدىم-دە، دۇدۇقلاپ، ئاندىن شوپۇرغا ئۆيۈمگە بارىدىغان يولنى ئېيتىپ بەردىم. بىز قورۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدىن چۈشتۇق. 50 سومنى ساناپ بەردىم. ئايگۈل شوپۇر بىلەن بىر ھازاغىچە كۈلۈشۈپ كالدىرلاشتى. ئاخىرى تاقىتىم تاق بولدى.

— قېنى، ماڭمايمىزمۇ؟— ئايگۈل تەسلىكتە ئايرىلدى. ئۇ مەن بىلەن كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ «دولى» سى بىلەن ئىنگلىزچە خوشلاشتى ۋە ماڭا سۈركىشىپ مېڭىپ سورىدى:

— ئۆيىڭىز قانچىنچى قەۋەتتە؟ نەچچە ئېغىز، مۇنچىسى بارمۇ؟ بالكونى ئىككىمۇ؟

مەن ئۈنچىقمىدىم. شۇ تاپتا مەن: «مۇشۇ مېڭىشىمىزنى قولۇم - قوشنىلار كۆرسە نېمە دەپ قالار ...» دېگەن تەشۋىشتە ئىدىم. مەن ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتىم ۋە ئۆزۈم بىر يانغا ئۆتۈپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئايگۈل تەكەللۇپ قىلمايلا ئۆيگە كىردى ۋە كارىدوردىن ئۆتۈپ كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ ئۆيلەرنى كۆزىتىشكە باشلىدى. مەن بىر چەتتە قاراپ تۇردۇم.

— ئاران ئىككى ئېغىز ئىكەن - ھە؟ تېخى كىچىك ئىككى ئېغىز ... ئۆيىڭىزدە ھېچنەرسە يوق ئىكەنغۇ؟ ئايالىڭىز ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كەتتىمۇ؟ ئەجەب خوتۇنكىنا؟

www.uyghurkitap.com

ئەدىكى بىر رىتتارىتىنىڭ ئايالىمنى سەتلىگىنىگە چىدالمىدىم:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ مېنىڭ ئايالىم ئۇنداق نائىنساپ ئايال ئەمەس، ھەممىسىنى ئۆزۈم بەردىم.

ئايگۈل ئاغزىنى پۈرۈپ قويدى:

— ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسىز - دە، ئەمىسە نېمىشكە قويۇپ بەردىڭىز؟

ئايگۈل ماڭا سىڭايان بېقىپ ھېچنىمە زاڭلىق قىلغاندەك ھىجايدى. مەن ئۆزۈمنى تەسلىكتە بېسىپ ئۈنچىقمىدىم. ئۇ خالا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— ۋاي - ۋۇي نېمانچە كىچىك؟ مۇنچىسى باردەك قىلمايدۇ...

تاقىتىم ئاخىرى چەككە يەتتى. ئۇنى قوغلاپ چىقىرىشتىن ئۆزۈمنى قىيىندا تۇتۇپ تۇراتتىم. ئەزايىمغا تىترەك ئولاشقىلى تۇردى...

— بانكىدا نەچچە پۇلىڭىز بار؟ بەش - ئالتە تۈمەن چىقامدۇ؟ — ئۇ ھېچ تەپتارتماي مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ سۈكسىشىپ تۇرۇپ سورىدى.

— بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق. تۇرغان تۇرقۇم مانا مۇشۇ...، — دېدىمەن ئۆزۈمنى خورلانغاندەك ھېس قىلىپ تىترەك ئارىلاش ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ.

ئۇ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ بىر قولىنى مۈرىسىگە ئاتقاندەك سىلكىدى:

— ۋايىيەي، «يازغۇچى» دېسە قانداق بولىدىكىن دەپتىكەنمەن، ھالى تايىنلىنىق ئىكەنغۇ؟... بىچارىلەر...

مەن بايقۇشقا ئەمدى نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟

— شۇنداق، سىڭلىم، يازغۇچى دېگەن مانا مەندەك بىچارە بولىدۇ... قېنى ساڭا كېلىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچەيلى.

قىز خۇددى مەندىن ئالىدىغان ئېلىشىنى ئالالماي باتتىمغاندەك بوينىنى «شاپتول قېقىپ» تومشۇقىنى بۇردى ۋە سائىتىگە قاراپ:

— ياق، چۈشتىن كېيىن رېپېتىتسىيە بار، كەتمىسەم بولمايدۇ، — دېدى سوغۇقلا. ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىككە ماڭدى.

— مەيلى ئەمىسە... سىزنى تۇتمىدۇم. خوش، — دېدىمەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ. ئۇ قىز مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغاندەك، كەينىگە قاراپمۇ قويماي پەلەمپەيدىن تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى. مەن ئاچچىق كۈلۈمسىرىگىنىمچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. ۋۇجۇدۇم بىردىنلا يەڭگىللىگەندەك بولدى.

## 12

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆڭى ئاقپېرىق، كۆك كۆزلۈك، غۇنچە بوي بىر دوختۇر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

ئۆپكەمنى قايتا تەكشۈرتۈشكە بارغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە سەل قىزىدىيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. تەكشۈرتسەم باشقىچە مەسىلە يوق بولۇپ چىقتى. تەكشۈرتۈش جەريانىدا ئۇقىز مېنى ئۇبىنادىن بۇبىناغا، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يېتىلەپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ئىشلىرىمنى ئاسان قىلىپ بەردى. قىزنىڭ گەپ-سۆزى، قىلىقلىرى ماڭا سەل غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىزغىنلىقى، مۇلايىملىقى، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەنلىكى (ئۇ مېنىڭ يازغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ئۆزىنىڭ بىر كىتاب خۇمارى ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىياتقا بەك قىزىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى) ماڭا ياراپ قالدى. كېيىن مەن ئۇ قىزغا بىر نەچچە كىتاب ئاپىرىپ بەردىم، بەك

خوشال بولدى. شۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدىمىز باشلىنىپ كەتتى. ماڭا تاپقىلى بولمايدىغان ئېسىل دورىلارنى ئەكىلىپ بېرەتتى. دەم ئالغاندا پات - پات يوقلاپ كېلەتتى. ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭغا ئەھۋاللىشىمىز. ئۇرغۇن كىتاب ئوقۇغانىكەن، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئۆزگىچە ئىدى. بىر يەردە بولساق گېپىمىز تۈگىمەيدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق بىر قىزغىن پىكىرلىك سۆھبەتداش بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە قىزلارنىڭ ئارىسىدىن بۇنداق بىلىملىك ۋە غايىلىك قىزلارنى ئۇچراتماق قىيىن ئىدى. بۇ قىزغا بارغانسېرى ھۆرمىتىم ئاشتى. بۇ قىزمۇ مېنى بەك چوڭ بىلەتتى. سۆزلىرىمگە ھاياجان بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئەتىسى ئۇچراشقىنىمىزدا مېنىڭ قايسىبىر سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى كېچىچە ئويلاپ چىققانلىقىنى، قايسىبىر كۆز قارىشىمدىن ئاجايىپ تەسىرات ۋە ئىلھام ئالغانلىقىنى سۆزلەيتتى. ئويلاپ باقسام ئىش يۈزىدە ئۇنى بۇنچىلىك ھاياجانغا سالغان سۆزۈم مېنىڭ مۇنداقچىلا ئېيتىپ قويغان ھېچ ئەرزىمەسلا بىرجۈملە سۆز ئىكەنلىكى مەلۇم بولاتتى... شۇنداق قىلىپ كۈنلىرىمىز بىر - بىرىمىزسىز ئۆتمەيدىغان بولدى. ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت تۇيغۇسى مۇھەببەت تۇغامدۇ ياكى «ھە» دېمەيلا شەكىللىنىپ قالغان مۇھەببەت ئۇندۇرمىسى «ھۆرمەت» لىباسى بىلەن ئۆزىنى يوشۇرامدۇ، ئىشقىلىپ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت بارا - بارا بىر خىل سىرلىق تۈس ئېلىشقا باشلىدى — ئۇ كەلمىسە ئۇنى سېغىناتتىم. كەلسە قىلىشقا سۆز تاپالماي قالاتتىم. ئۇ قىزمۇ بارغانچە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىلگىرىكىدەك سائەتلەپ قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرۇشتىن، ئاستا - ئاستا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا غەمخورلۇق قىلىشقا ئۆتتى. گېپى ئازلاپ پۈتۈن ئىش - كۈشلەرنى قولىغا ئالدى — تاماق ئېتەتتى، كىر - قاتلىرىمنى يۇياتتى، كىيىملىرىمنى دەزماللايتتى. ئۆزى خۇددى دىلنازدەكلا پاكىزە ۋە ئىشچان ئىدى. مەن تۇرمۇش جەھەتتە خۇددى دىلناردەكلا بىر شەپقەتلىك ھامىيچىگە ئېرىشتىم. مەن بارا - بارا ئۇنىڭ تەققى - تۇرقى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىگە ئۆزۈمچە دىلنارنىڭ جۇسۇنىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا دىلنارغا قارايدىغان كۆزلەر بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدىم... مەن ئاخىرى ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم - دە، بىر كۈنى كەچتە ئۇنى ياتىقىغا ئۇزىتىپ كېتىۋېتىپ: «ئىككىمىز ئۆزۈڭدىن بۇيان ئارىلىشىپ ئۆتتۇۋاتىمىز، ئۆز ئارا چۈشەنگەندەك بولدۇق. مۇناسىۋىتىمىزنىڭ دەرىجىسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرسەك، مۇبادا ئۆز ئارا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلالىساق توي قىلساق قانداق؟» دېدىم. ئايدىڭ كېچە ئىدى. ياز ئاخشىمىنىڭ غۇر - غۇر شامىلى چاقماقتەك چېقىنداپ تۇرغان ھېسسىياتىمنىڭ تەپتىدىن قىزىۋاتقان ۋۇجۇدۇمغا راھەتبەخش سالقىنلىق بەخش ئېتەتتى. پاكىزە ۋە كۆك ئاسماندىكى ئاي بىزگە كۈلۈپ قارايتتى. قىز مەن بىلەن ھۆرىدىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ، سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېمىشقىدۇر جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. تۇرۇپلا ئۆزۈممۇ دەككە - دۈككە بولۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭدىكى ھاياجان ماڭىمۇ ئۆتتۈۋاتامدۇ - نېمە؟

— ئاھ... قەدىرلىكىم! — قىزنىڭ بىر خىل

غەلىتە ۋە تىترەك ئاھاڭدا قىلغان خىتابى-
دىن «دىگگىدە» چۆچۈپ كەتتىم.

ــ ئاھ... قەدىرلىكىم! راست ئېيتىۋا-
تامسىز؟ سىزنىڭ، سىزدەك بىر يازغۇچىنىڭ
ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغىنىم ئۈچۈن
مەن ئۆزۈمنى چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەردەك
بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن...

مەن ھەيران بولۇپ ئۇ قىزغا بۇرۇلۇپ
قارىدىم. قىزنىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىل-
غانىدى! ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش
تۆكۈلۈۋاتاتتى.

ــ ئاھ، قەدىرلىكىم... سىزنىڭ مۇشۇ
شېرىن ۋە يېقىملىق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا
قاچاندىن بۇيان تەشنا ئىكەنلىكىمنى
بىلەمسىز؟ ئاھ، قەدىرلىكىم... چۈشەنسىڭىز
ئىدى. ئاخىر ئۆزۈم كۈتكەن بۇ ئاتەش
كەبي يالقۇنلۇق، زەمزەم كەبي قىممەتلىك
سۆزلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم...

قىزنىڭ ھالىغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ بول-
دۇم. ئۇ يالغاندىن ئەمەس راستىنلا يىغلا-
ۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق ياش بىلەن ھۆل-
لەنگەن لەۋلىرى تىترەيتتى. مەن ئۇنى
بۇنچە ھاياجانغا سالغىدەك نېمە دېگەنلى-
كىمنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدىم.

ــ مەن... مەن... ئەلۋەتتە خالايمەن
قەدىرلىكىم. كېلىڭ، بىز مەڭگۈ قول تۇتۇ-
شۇپ بەخت بوستانىغا پەرۋاز قىلايلى،
ئىككىمىز مۇھەببەت ناۋاسىنى ياڭرىتايلى!
ئاھ، قەدىرلىكىم...

مەن شۇ تاپتا جېنى بار، قېنى بار،
تۇرمۇشتا مەن بىلەن بىللە ياشاۋاتقان
ھەقىقىي ئادەمنى ئەمەس ئەكسىچە يامان
يېزىلغان بىر ھېكايىدىكى تۇترۇقسىز،
يەڭگىلتەك ۋە بەكلا سۇنئىي ياردىتىلغان
بىر ناچار پېرسوناژنى كۆرۈۋاتاتتىم. بۇ
قىزنىڭ شۇ تاپتىكى چۈشىنىپ بولماس
ھاياجانلىق قىياپىتى مېنى ھەيران قال-
دۇرسا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن خۇددى ئەتەي
تىزىۋالغاندەك بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن
بىرى تۆكۈلۈۋاتقاندەك يالتىراق
مارجانسىمان كىتاب سۆزلىرى قارىغۇلارچە
دەرسلىك يادلاپ ئۆگىنىپ قالغان يادىكەش
ئوقۇغۇچىنىڭ مۇئەللىم ئالدىدىكى دەرس
يادلىشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۈل-
كەمنى قىستايتتى. مەن ئۇ قىزنىڭ قىلىقى-
دىن خىجالەت بولۇپ نېمە دېيىش ۋە نېمە
قىلىشىمنى بىلمەي، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىلىك
قىياپىتىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ نەزەرىمنى
ئۇنىڭ بېشىدىن ھالقىتىپ يول بويىدىكى
بىر ئىمارەتنىڭ چىراغ يېنىپ تۇرغان
دېرىزىسىگە قارىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.
بايا ئوتتەك يېنىپ تۇرغان ۋۇجۇدۇم ئەمدى-
لىكتە بىر يېقىمسىزلىق ئىچىدە تىكەن-
لەشمەكتە ئىدى.

## 13.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئەزان توۋلاپ
قويغان ئېتىمنىڭ ئورنىغا «قەدىرلىكىم»
ئاتالماشتى ۋە بۇ «قەدىرلىكىم!»دېگەن گۈزەل،
تەبىرلىك سادا ئولتۇرسام ـ قوپسام قۇلى-
قىمنىڭ تۈۋىدە ھارماي ـ تالماي، قەيە-
سەرلەرچە، ئۈزۈلمەي بىر خىلدا ياڭراپ
تۇرىدىغان بولدى.

ــ ئاھ، قەدىرلىكىم، ئۆزىڭىز يالغۇز
ئولتۇرۇپسىز ـ دە! نېمىلەرنى خىيال
قىلىۋاتىسىز؟

ــ ئاھ، قەدىرلىكىم، سىزنى شۇنداق
سېغىندىمكى، ئاخشام چۈشۈمدە سىزنى
چۈشەپتىمەن، سىزچۇ؟ چۈشىڭىزدە...

ــ جۇرۇڭ قەدىرلىكىم، كىنوغا بارايلى،
مېڭىڭىزنى ئارام ئالغۇزۇش كېرەك...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— قەدىرلىكىم، تانسىغا بارمايسىزمۇ؟ مەنمۇ ئۇزۇق ئېلىپ روھىمىزنى ھاۋالاندۇرۇشىمىز كېرەكقۇ؟

— قەدىرلىكىم، دورىڭىزنى تېخىچە...

— قەدىرلىكىم، قىزىق چاي ئىچىڭ، سىزگە ئاتاپ دەملىدىم...

— ئاھ ،قەدىرلىكىم...

— قەدىرلىكىم...

ماڭا ئالاھىدە دەردچىلىك غەمخورلۇقلار باشلىنىپ كەتتى. مېنىڭ سائەت نەچچىدە ئۇخلاشقا ياتقانلىقىم، ئەتىگىنى سائەت نەچچىدە ئورنۇمدىن تۇرغانلىقىم، بىر كۈن ئىچىدە نەگە بېرىپ، نەدە يۈرگەنلىكىم، قايسى ئاشپۇزۇلدا قانداق تاماق يېگەنلىكىم، ئۇ ئاشپۇزۇلنىڭ تازىلىقىنىڭ ياخشى-يامانلىقى، نېمە كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىم، ھەتتا قانداق چۈش كۆرگەنلىكىم، قانداق خىياللار بىلەن بەنت ئىكەنلىكىم... ئۇنىڭ ئىز دېرەكلەش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى.

خېلىدىن بېرى كۆتۈشسىز قالغان تەنھالىق ۋە رېتىمسىز تۇرمۇشنىڭ غورىگىلچىلىكى بىلەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن غۇربەتچىلىك باسقان مەندەك بىر ئادەمگە نىسبەتەن، بۇنداق شەخسىيەتسىز ۋە پىداكارلارچە كۆيۈنۈشكە ئېرىشىش ئەلۋەتتە ھالۋىدەك خوشياقاتتى. كىيىم - كېچەكلىرىم ھەر دائىم پاكىز ۋە دەزماللاقلىق ئىدى. ئىسسىق تاماق ۋە رەتلىك، تازا مۇھىت كۆڭلۈمنى كۆتۈرەتتى. يېزىقچىلىق قىلىۋاتقىنىمدا مېنىڭ ئۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» (مەن ئۇنىڭغا ئىچىمدە «ئاھ، قەدىرلىكىم» دەپ ئات قويۇۋالغانىدىم) ئىسسىپ كەتتىڭىز، دەپ يېنىمدا ئولتۇرۇپ يەلپۈيتتى. ئۇزۇنراق ئولتۇرۇپ كەتسەم ئاستا يېنىمغا كېلىپ غولۇمنى ئۇكىلاپ تۇتۇپ قوياتتى...

...ئادەم دېگەن ئاشۇنداق غەلىتە مەخلۇق ئىكەن. غەلىتىلىكىمىزدىن گاھىدا ئۆزىمىزنىمۇ چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىدىكەنمىز- يوق نەرسىگە پۈتۈن ئەس - ھوشىمىز بىلەن تەلپۈنىدىكەنمىز، ئۇ نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭدىن زېرىكىشكە باشلايدىكەنمىز...

ئىش يۈزىدە مېنىڭ بۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» تولىمۇ ياخشى قىز ئىدى. بۇۋىجدانەن سۆزۈم. لېكىن مۇشۇ قىزنىڭ مۇشۇ ياخشىلىقى ئاخىرقى ھېسابتا مېنى سارىڭ قىلىۋېتەيلا دېدى- بۇ قىز تولىمۇ ھېسسىياتچان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بىر قىز ئىدى. ئۇ گويا تۇرمۇش ئىچىدە ياشىماي نەدىكى قۇرۇق خىياللار ئارىسىدا لەيلەپ يۈرەتتى. تۇرمۇشتىكى مەۋجۇت تەرتىپلەر، ئەتراپتىكى جىمى بارلىق ئۇنىڭغا ياقمايتتى، ئۇنى باشقىدىن ياراتقۇسى، ئۆزگەرتكۈسى، ياساپ چىققۇسى كېلەتتى. ئولتۇرسا - قوپسا شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۈزۈك سۇلار، رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، ھەر خىل قۇشلار سايراپ تۇرىدىغان بۈككىدە ئورمانلار، ئىش قىلماي، ئاش - نان يېمەي، كىتاب ئوقۇپ ۋە خىيال سۈرۈپلا يۈرىدىغان چىرايلىق، ئالپىتە ۋە سىپايە ئادەملەر توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك ياشاشنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئەيىبلەيتتى. ئۇنىڭغا بۇلۇتلۇق ئاسمان، ۋاقىتسىز ئەسكەن شامال، كۈتمىگەندە يېغىپ تاشلىغان يامغۇر، ئاسماندىكى تېخى تولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن پۇچۇق «ئاي»، كېلەڭسىز ۋە ئوت چاچىدىغان شەپقەتسىز قۇياش ... سىنەت كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزى خالىغاندەك بولمىغىنىغا

www.uyghurkitap.com

غۇدىرايتتى. كۈچۈپ يەتسە ئۇلارنىمۇ ئۆزگەرتكۈسى كېلەتتى ...

ئۆزىنىڭمۇ مۇھەببەت رومانلىرىدىكى قەھرىمانلارغا ئوخشاش ياشىغۇسى كېلەتتى. كېيىنىشتە، يۈرۈش - تۇرۇشتا ۋە گەپ - سۆزدە خەق نېمە دەپ قالار، دېمەستىن ئاشۇ قەھرىمانلارنى دورايتتى. ئۆزىلا شۇنداق ئويلىسا ۋە شۇنداق ياشىسا مەيلىتىغۇ، يامان يېرى مەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ ئىككىنچى كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ مېنىمۇ ئۆز قاياشى بىلەن ياشاشقا كۆندۈرۈشكە جان - جەھلى بىلەن كىرىشىپ كەتتى:

— ئاھ، قەدىرلىكىم، چېچىڭىزنى كوچىلىماڭ، سىز دېگەن يازغۇچى، يازغۇچى دېگەن ئۇنداق مەدەنىيەتسىز بولمايدىغان...

— ئاھ، قەدىرلىكىم، كېكەرگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇ، تۇرغانلا بىر ياۋايىلىققۇ؟ سىز دېگەن يازغۇچى جۇمۇ؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، نىمانچە تېزماڭسىز، چاكىنا ئادەملەردەك؟ سىز دېگەن يازغۇچى! يازغۇچى دېگەن ئالدىرىماي، سالاپەت بىلەن ماڭىدىغان...

— ئاھ، قەدىرلىكىم، كوچىدا ماڭسىڭىز كۆرگەنلا كىشىگە سالام قىلىپ، نەدىكى ئادەملەر بىلەن بىر ئاش پىشىم گەپلىشىدىكەنسىز. ئۆزىڭىزنىڭ سۈپىتىنى ساقلىشىڭىز لازىم. سىز دېگەن يازغۇچى...

— ئاھ، قەدىرلىكىم، بۇرنىڭىزنى تارتقىنىڭىز نېمىسى؟ سىز يازغۇچى، بۇرۇننى تارتىشقا ئەمەس، نەپەس ئېلىشقا ياراتقانلىقىنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟

— ئاھ، قەدىرلىكىنىم، بىر نەرسە يازغاندا قانداق ئولتۇرۇش كېرەكلىكىنى سىزگە ئۆگىتىشمىگەنمۇ؟ تۇۋا... يازغۇچىدەك ئولتۇرمامسىز؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، بېشىڭىزنى تاتىلىماڭ، دەپ شۇنچە ئېيتتىم، يازغۇچىغا خاس قىلىقمۇ بۇ؟ ئەنە ... ئەنە قولىڭىزنى كوچىلاۋاتقانلىقىڭىزنى قاراڭ، ۋاي قانداق قىلاي...

— ئاھ، قەدىرلىكىم، لەغمەن دېگەننى بىر تالدىن شوراپ يېمەمدۇ؟ يالماشنى نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭىز؟ سىز دېگەن يازغۇچى جۇمۇ؟ مېھماندارچىلىق، ياكى زىياپەتلەردە كىشىلەر سىزنى نېمە دەپ قالىدۇ؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، چاي دېگەننى شۇنداق نەپەس ئىچكىلى بولىدىغۇ؟ ئاۋاز چىقارماي، سۈمۈرۈپ - سۈمۈرۈپ...

— ئىملايىڭىز نېمانچە سەت سىزنىڭ؟ ئىلگىرى مۇنداق ئەمەستىغۇ؟ سىزنى بىرسى قوغلىمىغاندۇ؟ ئاستاراق يازمامسىز؟ ئىملا دېگەن بىر سەنئەتقۇ؟ سەنئەتنى ئاشۇنداق خارلىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— سول تەرىپىڭىزنى بېسىپ ياتماڭ قەدىرلىكىم، سول تەرەپتە نېمە بار. بىلمەمسىز؟ يۈرەك بار، يۈرەك! يۈرەك دەپ بېقىڭە، ۋىجدان بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى ساقلىنىدىغان خەزىنە، باتۇرلۇق ۋە پەزىلەتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، بەدەننىڭ، ياق، ھاياتنىڭ ماتورى، ياشاشنىڭ كاپالىتى ... سىز يازغۇچى تۇرۇپ بۇلارنى بىلمەمسىز؟ يۈرەكنى بېسىپ ياتتى دېگەن قانداق گەپ — بۇ؟!

— ئاھ، قەدىرلىكىم، يازغۇچىغا خاس سۆزلەپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ مەسىلەن، «ئاھ، قەدىرلىكىم، سۆيۈملۈكۈم، جېنىم... ئومىقىم... مەرھەممەت، مەرھابا، خۇشۋاق بولۇڭ...» دېگەندەك. قاچانمۇ مېنى ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن خۇشال قىلارسىز-ھە؟ يازغۇچى

دېگەن خەقلەر ئەقلىيە سۆز قىلىپ كۆچۈرۈۋالغىدەك سۆزلەيدىغان!

— ئاھ، قەدىرلىكىم، كاچىنى ئىست قوغلىغاندەك سۆزلەيدىكەنسىز. سۆزلەرنى تاللاپ، ئالدىرىماي، ئورغۇ - ئىنتوناتسىيەسىنى چىقىرىپ، دانە - دانە ۋە تەسىرچان سۆزلەشنى تېخىچىقا بىلمەمسىز؟ سىزنى قانداقمۇ تىل ئۇستىسى دېگىلى بولسۇن؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم. سىز دېگەن يازغۇچى، مەدەنىيەتلىك بولۇڭ، ئۇنداق، ئاۋازىڭىزنى چىقىرىپ كۈلمەڭ.

— ئاھ، قەدىرلىكىم، كۆڭلەك ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى...

— ئاھ، قەدىرلىكىم.....

ئۇنىڭ تەلىپىچە بولغاندا ئۇ مومام، مەن نەۋرىسى، ياق، مەن تۇرمۇش قويىنىدا ياشاۋاتقان، مۇستەقىل تۇرمۇش ئادىتى، مۇستەقىل تۇرمۇش قارىشى، ئۆزىگە خاس ئىنسانىي ئارزۇ - ئىستىكى بار ئەركىن ۋە تىرىك ئادەم ئەمەس، ئەكسىچە، ھاياتىنى نەچچە مىڭ گەز يۇقىرى تۇرىدىغان بىر پەرىشتە، نۇقسانسىز مالائىكە، ياكى بولمىسا ھېچ خاتاسىز ئىشلەيدىغان ماشىنا ئادەم، خالىغانچە ياساپ - تۈزەپ بېزەك ئۈچۈن تىزىپ قويىدىغان لاتا قونچاق بولسام بولغىدەك. بۇنىڭ ھەممىسى يازغۇچى بولغان «گۇناھىم» ئۈچۈن ئىكەن.

بېرىپ - بېرىپ «ئاھ، قەدىرلىكىم، سىز دېگەن يازغۇچى...» دېگەن سۆزلەردىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇمكى، بۇ خىتابنى ئاڭلىساملا «ھۇ» بولغۇدەك دەرىجىگە باردىم. مېنىڭ ئۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشى ھامان: «پەرۋەردىگارا، ئاھ، قەدىرلىكىم، دېمىسىدى، ئېتىمنى ئاتاپ چاقىرسىدى» دېگەننى ئويلايتتىم.

شۇنداق، مېنىڭمۇ دادام ئەزان قىچقىرتىپ قويغان ئېتىم بارغۇ. مەن تېخىچىقا مۇشۇ ئاتاقتا چاقىرىلىش ھوقۇقۇمدىن ئايرىلىپ قالمىدىم.

بىر كۈنى ئۇنىڭغا جىددىي قىلىپ بۇ پىكرىمنى ئېيتتىم. لېكىن ئۇ ئاغزىنى ئۈچلاپ چولدۇرلاپ كەتتى:

— ئاھ، قەدىرلىكىم، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز؟ يازغۇچى تۇرۇپ مۇشۇلارنى دېسىڭىز سىزگە ياراشامدۇ، دادىڭىز قويغان ئېتىڭىز نوپۇسىڭىزدا ئۆز پېتى يېزىقلىققۇ؟ ئۇنى ئۆزگەرتەيلى دېمىدىمغۇ؟ بۇنداق ئاتاشنى بىلىش بىر مەدەنىيەت، سىز بۇنىڭدىن خۇشال بولۇڭ قەدىرلىكىم، كىتابلاردىمۇ شۇنداق چاقىرىشىدىغۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئېتىم يەنىلا «ئاھ، قەدىرلىكىم» بويىچە قېلىۋەردى. پەقەت يازمىلىرىم ئېلان قىلىنغاندا ياكى بولمىسا ئايلىق توك پۇلى تاپشۇرىدىغان چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئېتىمنى ئاڭلاش ياكى يېزىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمەن. دادام قويغان ئېتىمنىڭ «ئاھ، قەدىرلىكىم»گە ئۆزگىرىپ كېتىشى بىر نۆۋەت، ئەڭ يامىنى ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا كېلىدىغان تۈگىمەس چەكلەش، تەنبىھ، جىملەش ۋە نەسىھەتلەر مېنى تىنىم ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. مەن ئەمدى ئەركىنرەك چامداپ ماڭالمايدىغان، خالىغانچە ئولتۇرالمايدىغان، خالىغانچە ياتالمايدىغان، خالىغانچە ئىچەلمەيدىغان، خالىغانچە يېيەلمەيدىغان، خالىغانچە كۈلەلمەيدىغان، خالىغانچە ئوينىيالمايدىغان، خالىغانچە ئۇخلىيالمايدىغان، قىسقىسى خالىغانچە ياشىيالمايدىغان ھالغا كەلدىم. مېنىڭ خالىغانچە دېگىنىم ئىش يۈزىدە ئەدەپ، ئەخلاق، قانۇن، ئىنتىزام، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت قاتارلىق

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەۋجۇت قىممەت قارىشىغا قىلچە زىت كەل-
مەيدىغان ئەڭ ئاددىي-تىنىكى خاھىش، ھەم
شەخسىيەتكە تەۋە ئەڭ ئەقەللىي تامامەن
يوللۇق ئەركىنلىك ئىدى. تۇرمىدىكى مەھ-
بۇسلار، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا مەجبۇرىي
قامالغان ساراڭلار، بالىلار يەسلىسىدىكى
بالىلارمۇ بەھرىمەن بولىدىغان ئىنسانىي
ھوقۇق ئىدى. مېنىڭ ئۇ چىرايلىق ۋە قىز-
غىن «ئاھ، قەدىرلىكىم» ئاخىرقى ھېسابتا
مېنىڭ ئەنە شۇ ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ زۆرۈر
ۋە ئەڭ قىممەتلىك ئىنسانىي ھوقۇقۇمغا چاڭ
سېلىشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭغا نېمە دەي
ئەمدى، ئۇنى ۋاز كەچتۈرەي، رېئاللىققا
لايىقلاشتۇراي دېسەم، ئۇنىسىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ
رەنجىتىۋالغۇدەكمەن. چۈنكى ئۇ«مەدەنىيەت»-
تىن «ياۋايىلىق»قا چېكىنىشنى ئەلۋەتتە
خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرنى باشقۇ-
رۇش بەزى ئاياللارغا تۇغما خۇمار، يول
قويمىساڭ ئۆزىنىڭ ئىززىتى يەرگە ئۇرۇل-
غاندەك ھېس قىلىدۇ. مېنىڭ بۇ «ئاھ، قە-
دىرلىكىم» مۇشۇلارنىڭ خىلىدىكى قىز ئىدى.
ئۇنىڭ بۇ چەكسىز ۋە مول مەزمۇنلۇق باش-
قۇرۇشىنى بولسا كۆزۈم ئوچۇق ھالەتتە
قوبۇل قىلالمايتتىم. قانداق قىلىش كېرەك؟
ئاخىرى ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش خىيالىمدىن ۋاز
كەچتىم. لېكىن ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەن-
دۈرەي. «ئاھ، قەدىرلىكىم» بىز مۇشۇ يەردە
توختاپ قالايلى، دەي دېسەم ئۇنىڭ ماڭا
بولغان قىزغىنلىقى مۇشۇ كۈنلەردە كۈن-
سېرى ئەمەس، سائەتسېرى ئېشىپ باراتتى.
شۇنچە غەمخورلۇقىنى بىر تۇغقان قېرىندى-
شىممۇ قىلالماس ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭدىن
بىزار بولۇشقا باشلىغانلىقىم ئوخلاپ چۈشە-
گىمۇ كىرمەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۈز-
مۇ - يۈز تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېلىقىدەك دېيىش
بەك يۈزسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىك بولاتتى.
«بىردىنبىر يول-ئۇنىڭدىن ئاستا - ئاستا
يىراقلىشىش، ئۆزىگە مېنىڭ ئۇنىڭدىن
يىراقلىشىۋاتقانلىقىمنى سەزدۈرۈش». شۇچاغ-
دىلا ئۇ قىز ھەممە نەرسىنى چۈشىنىدۇ-دە،
غۇرۇرى ئىزايېپ ئۆزىنىڭ يولىنى تېپىۋا-
لىدۇ» دېگەن ئويغا كەلدىم.

## 13

شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ غۇربەت كۈنلىرىدىم
يەنە باشلاندى. ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇمنىڭ
رىتىمسىزلىكىگە يەنە بىر يۈك- «قېچىش»
سەۋداسى كېلىپ قوشۇلدى. ئۆز ئۆيۈمدە
خاتىرجەم ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم-
ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ چۈشكىچە
يېزىقچىلىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىمەن،
كىشىلەر ئىشتىن چۈشۈشكە باشلىغانىدا
ئىشىكنى «گۈپپىدە»تاقايمەندە تىكىۋېتىمەن.
ئۆيۈمدىن يىراق كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ،
كىشىلەر ئىشقا ماڭغانىدا ئاندىن
ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىمەن، قۇلىقىم
ئىشىكتە، ئۆزۈم دەككە - دۈككە ئىچىدە.
كەچتە باشقىلار ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن
يەنە تالاغا چۈنەيمەن. يەكشەنبە كۈنلىرى
ئۆيدىن ئەتىگەندىلا چىقىۋالىمەندە كەچكىچە
ئۆيگە قايتمايمەن.

ئۆزۈم سەرسانمەن، لېكىن كۆڭلۈم
نېمىشقىدۇر خۇشال. ئويلاپ باقسام، ئۆزۈمنىم
ۋە ئۆز ئەركىمنى تېپىۋالغانلىقىمنىڭ
خۇشاللىقى ئىكەن. كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە
ئۆز ئەركى بويىچە ياشاشنىڭ شادلىقى ۋە
قىممىتىنى پەقەت شۇ كۈنلەردىلا تولۇق
چۈشەنگەندەك بولدۇم.

مانا شۇ سەرسان كۆڭلىرىمنىڭ بىرىدە كەمدۇر بىرى ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى تۇيۇقسىز چېكىپ قالدى. قەغەز دۆۋىسى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنىكەنمەن، چۆچۈپ كەتتىم. سائەتكە قارىسام تېخى چۈش بولماپتۇ. مېنىڭ ئۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» ئادەتتە بۇنداق چاغلاردا ئىشتا بولاتتى. لېكىن ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، دوختۇر خەق دېگەننىڭ ئىش ۋاقتى بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئايرىپ بولمايدۇ. ئۆزۈم دەككە - دۈككىگە قالدىم، لېكىن يەنە: خېلى ۋاقتىمۇ ئۆتتى، ئەمدى بىرەر نەرسىنى سېزىپتىمۇ بولغاندۇ، مۇبادا راستلا شۇ كەلگەن بولسا گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىپ يولىغا سېلىپ قوياي» دېگەن ئوي بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىمدە ھەيران قالدىم. قارىسام، رايونلۇق نىكاھ ئىشلىرى بۆلۈمىدىكى ھېلىقى ئاچچىقى يامان ئايال ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەن ئۇ ئايالغا سالام بېرىپ دەررۇ ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ ئۆيگە كىردى ۋە ئۆيلەرگە تازا بىر سەپسېلىۋەتكەندىن كېيىن دىۋانغا كېلىپ جايلاشتى، چاي دەملىدىم، پاراڭنى ئۆزى باشلىدى. بۇ ئايال بۈگۈن نېمىشقىدۇر خۇشال كۆرۈندى. تاغدىن - باغدىن سۆزلەشتۇق. مېنىڭ ئايالىمدىن ئاجراشقاندىن كېيىنكى ئەھۋالىمغا ئالاھىدە قىزىقتى، ھەممىنى ئەينى بىلەن سۆزلەپ بەردىم، لېكىن «ئاھ، قەدىرلىكىم»نى ئۇنداق ئاتىماي بىرقىز دەپلا تونۇشتۇردۇم. كۆڭلى شۇنچە ياخشى بىرقىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا زاڭلىق قىلغۇم كەلمىدى. ئايال گەپلىرىمنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى، ئارىلاپ - ئارىلاپ سوئال سوراپ قوياتتى. دەسلەپتە ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغىنىم ئۈچۈن مېنى ھەدىلەرچە كايىدى، مۇشۇنداق سەرسانلىقىنى تىللەپ تاپقىنىم ئۈچۈن كۈلدى. ئاخىرىدا، بۇنداق ئۆتلۈۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ سۈپىتىمگە ياراشمايدىغانلىقىنى، سالامەتلىك ۋە ئىجادىيىتىمگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى بولۇپمۇ جەمئىيەتتە تەسىرى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى كۆيۈپ - پىشىپ چۈشەندۈردى. مەن ئۈندىمەي قۇلاق سېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ گەپلىرىغۇ توغرا ئىدى. بۇنداق تۇرمۇش ماڭىمۇ بەك تاتلىق تېتىپ كېتىۋاتقىنى يوققۇ، لېكىن ۋاقتى سائىتى كەلمىگىچە مۇشۇنداق ياشىماي ئامال قانچە، دەپ ئويلاپ ئولتۇردۇم. كېيىن ئۇ ئايال ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى:

— بېشىڭىزدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتتۈپتۇ. ئۆزىڭىز خالىغان يولنىمۇ مېڭىپ بېقىپسىز. ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ ھەممىلا ئىشىنى ئۆزى قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ قېتىم مېنىڭ مەسلىھىتىمگە قۇلاق سالامسىز؟

— مەسىلەن سىز ماڭا قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟ — مەن ھەيران بولدۇم. ئايال سىرلىق كۈلۈمسىرىدى:

— مەن سىزگە زىيانلىق مەسلىھەت كۆرسەتمەيمەن، سىزگە پايدىسى تېگىدىغان مەسلىھەت.

مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. ئايال چايدىن بىر ئوتلىدى.

— مەن ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بىر قىز بار ئىدى، ئۆزى باھاسىز بىر قىز. ھەممە جەھەتتىن ئويلاپ شۇ قىزنى سىزگە لايىق كۆردۈم. بايىقى سۆزلىرىڭىزدىن قارىسام، مېنىڭ ئويلىغانلىرىم ناھايىتى توغرا ئىكەن. بۈگۈن شۇ قىزنى سىزگە سايە قىلىپ كەلدىم. ئۇ قىز ئۆتكىڭىزدا كۆيۈپ، سۆيگىنىڭىزدە پىششالايدۇ، جىمى

ئېغىرچىلىقىڭىزنى كۆتۈرىدۇ. ئىشقىلىپ ھەممىجەھەتتە سىزگە باپ كېلىدۇ... قانداق؟

ماڭا بەك ئۇشتۇمتۇت تۇيۇلغاچقا تىڭىرقاپ قالدىم. ئۈنچىقمىدىم.

— ئىككى خىيال بولماڭ، چوقۇم رازى بولىسىز. ئەمدى «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەيدىغان ۋاقىت ئەمەس، مېنىڭ دېگىنىمچە قىلىڭ، — ئايالنىڭ بايىقى مەسلىھەت تەلەپپۇزى ئەمدىلىكتە بۇيرۇق تۈسىنى ئالدى.

— ھە... ئۇ... ئۇ قىز كىم؟ ئېتى نېمە؟ نەدە ئىشلەيدۇ؟ ... ئۇ قىز ماڭا قانداق قارايدۇ؟... مەن... مەن ئۇلارنى بىلمىسەم سىزگە نېمە دېيەلەيمەن؟ — دېدىم مەن تەڭگىس بولۇپ.

— بۇلارنى ھازىرلا بىلىۋېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋۋال ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ، تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن سوراپ بىلىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ. قىز تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى تولۇق بىلىدۇ. بۇ ئىش ھازىر سىزنىڭ ماقۇللۇقىڭىزغىلا باغلىق، — دېدى ئايال سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ.

— ئۇ قىز بىلەن قاچان ۋە نەدە كۆرۈشىمەن؟ — مەن تەئەججۈپ بىلەن سورىدىم. ئايال سومكىسىدىكى خاتىرىسىنىڭ قېتىدىن بىر تال ۋاراقچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى:

— ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. بۈگۈن چۈشتە «گۈلزار» تىياتىرخانىسىدا بىر چەت ئەل تىياتىرى ئوينالماقچى، مانا بېلەت. مۇشۇ بېلەتتىكى ئورنىڭىزنى تېپىپ ئولتۇرسىڭىزلا بولىدۇ. سىزنىڭ سول يېنىڭىزدىكى ئورۇن ئۇ قىزنىڭ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ھەممە سىر مەلۇم بولىدۇ، — ئايال سائىتىگە قاراپ قويدى، — يەنە بىر سائەت ۋاقىت قالدى، مەن قايتاي. سىزمۇ قەغەز - قەلەملىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ بۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشقا تەييارلىنىڭ.

ئايال ئورنىدىن قوزغالدى. مەن ھېلىقى تىياتىر بېلىتىنى چاڭگاللىغىنىمچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم.

— ئۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەڭ، ئوغۇلبالا دېگەن دادىل بولىدىغان. بۇنداق ئىشتا چەبدەس بولمىسا بولمايدۇ، سەللائەزىملىك قىلسىڭىز ئۇ قىز يامانلاپ كېتىپ قالىدۇ جۇمۇ! — ئۇ ئايال ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ دېدى، — ئىشلىرىڭلار ئەپلىشىپ قالسا مېنى مېھمان قىلىشنى ئۇنتۇماڭ.

— خەير - خوش ھەدە، مېھمان قىلىش سىزدىن ئايلانسۇن! بۇ قېتىمقاندىقىغا ئۇچرارمەنكىنتاڭ.

— خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ. ئەمدى تازا كۆڭۈلدىكىنى تاپتىڭىز، سىزگە ئاشۇ قىزلا ئاش بولىدۇ، باشقىسى بىكار، — ئۇ ئايال خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلگىنىچە پەلەمپەيدىن ياش قىزلاردەك تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى. مەن قولۇمدىكى بېلەتكە تىكىلگىنىمچە خىيالغا پېتىپ ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدىم. قىزىقىش ئۈستۈن كەلدى: «بوپتۇلا، بارسام بارمايمەنمۇ. ئۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي، يۈكنى تارتسا ئات تارتىدۇ، سەندىن كەتسە دېرت - ۋو-ۋوي! دېگەندەك مەندىن نېمە كېتەتتى» دېگەندەك قارارغا كەلدىم ئۆزۈمچە.

**14**

تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر مىغ - مىغ قىلاتتى. بېلەت بەك قىس بولسا كېرەك، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بولغىچە «ئۇنسوم بېرەي» دەپ نەچچىسى ئەگىشىۋالدى. مەن قىستىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئىشىكتىن ئاران كىرىۋالدىم. تاماق يېيەمەن دەپ كېچىكىپ قالغانىدىم. تاماشىبىنلار ئولتۇرۇشۇپ بوپتۇ.

زالنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق ئىكەن، سىرتتىن كىرگەچكە دەسلەپتە ھېچنەرسىنى پەرق قىلالمىدىم. زالنىڭ ئىچىدىكى ئۆتتۈشمىدە بىردەم تۇرۇۋېلىپ كۆزۈمنى كۆندۈرۈۋالغاندىن كېيىن دەم بېلىتىمگە قاراپ، دەم ئورۇندۇق نومۇرىغا سەپسېلىپ ئىزدەشكە باشلىدىم.

بىر كەمدە رەت نومۇرىنى تاپتىم. تازا ياخشى رەت ئىكەن. ئورنۇم ئوتتۇرىدا ئوخشايدۇ. مەن ئولتۇرۇشۇپ بولغان ئادەملەرنىڭ غۇدىراشلىرى ئىچىدە ئورۇندۇق ئارىلىقىغا قىسىلىپ، رەتنىڭ ئوتتۇرىغا قاراپ ماڭدىم. دېگەندەك، رەتنىڭ دەل ئوتتۇرىدا بىر ئورۇندۇق بوش تۇرۇپتۇ، نومۇرىنى سېلىشتۇرسام مېنىڭ ئورنۇم ئىكەن. مەن ئورنۇمغا جايلاشتىم ۋە بىر خىل دەككە - دۈككە ھەم ھاياجان ئىچىدە ھېلىقى ئايالنىڭ دېگىنى بويىچە سول تەرىپىمگە قايرىلىپ قارىدىم. قارىدىمۇ، چۆچۈپ كەتتىم، مېنىڭ يېنىمدا ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىم ماڭا ئۈمىد، قورۇنۇش، خىجالەت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ تۆكۈلگەندەك پۈتۈن بەدىنىم جۇغۇلداپ كەتتى. ھېلىقى ئايالنىڭ ئويۇنىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىم. بايىمزە، ئۇ خوتۇن مېنى قويۇۋەتكەن ئايالىم بىلەن ئۇچراشتۇرماقچى بولۇپتىكەن - دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگۈزۈپ ... !

ئەخمەق قىلىنغىنىم ئۈچۈن يېرىلغۇدەك بولدۇم. مەن خوتۇنۇمغا كۆزۈمنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىر ئالايدىم - دە، ئورنۇمدىن «غاچچىدە» تۇرۇپ كەتتىم. ئايالىم چۆچۈپ قولۇمغا ئېسىلدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ تىياتىرخانىدىن ئارقامغا قارىماي چىقىپ كەتمەكچى ئىدىم. دەل شۇ چاغدا قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا:

— ئاھ، قەدىرلىكىم! — دېگەن جان ئالغۇر سادا ئاڭلاندى. شۇ ھامان بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ چېكەمدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلۇپ كەتتى.

— مەن بېلەتنى ئېلىپ ئۆيىڭىزگە بارسام يوق ئىكەنسىز. قاراڭ بۇ يەردە ئۇچرىشىپ...

ئۇ قىز مېنىڭ ئارقامدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەن. مەن ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— كېلىڭ، يېنىمدا بىر كىشىلىك ئورۇن بار. سىزنىڭ ئورنىڭىز قەدىرلىكىم ...

«قەدىرلىكىم» دېگەن سۆز بېشىمغا چوقماق بولۇپ تەگكەندەك بولدى، قۇلىقىم زىڭىلداپ، كۆزلىرىم چېكىلىپ تورلاشقاندەك بولدى. مەن يا چىقىپ كېتەلمەي، ياكى ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىيالماي ئۆرە تۇرۇپ قالدىم. قانداق قىلغۇلۇق؟

ئايالىم ئولتۇرغان يېرىدە بېلىكىمگە مەھكەم ئېسىلغىنىچە ئارقىسىغا غەزەپ بىلەن ھومايدى ۋە مېنى تېخىمۇ كۈچەپ ئورۇندۇققا تارتتى. مەن ئاشۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» دېگەن جانغا جازا خىتابنى ئۈچىنچى قېتىم ئاڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئورنۇمغا ھاپىلا - شاپىلا ئولتۇرۇۋالدىم - دە، ئايالىم تەرەپكە سىغدىلىپ ئۇنىڭ باغرىغا تىقىلدىم. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت بىر ئىسسىقلىق، قەدىردان، يېقىملىق، بەكتونۇش بىر ئىسسىقلىق پەيدا بولۇپ ئاستا - ئاستا ۋۇجۇدۇمغا يېيىلدى. مەن ئايالىمغا قارىدىم، ئۇ چەكسىز بەختىيارلىق ۋە شادلىق ئىچىدە تېنىگە پاتماي قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق يېشى تاراملاپ ئاقاتتى.

ئويۇن قانداق تۈگىدىكىن بىلمىدىم، چىراغ يېقىلدى. قارىسام، مېنىڭ ھېلىقى «ئاھ، قەدىرلىكىم» ئاللىقاچان كېتىپ قاپتۇ. ئايالىم بىلەن تىياتىرخانىدىن قولتۇقلىشىپ چىقتۇق. ئىشىك ئالدىغا چىقىشىم ھامان «دادا!» دېگەن ئاۋاز بىلەن ئوغلۇم ئۇچۇپ كەلگىنىچە باغرىمغا ئۆزىنى ئاتتى. مەن ئۇنى باغرىمغا بېسىپ پۇراپ كەتتىم. ئايالىم بالام بىلەن ئىككىمىزنى قوشۇپلا قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا ئىدى. بىر چاغدا قارىسام نىكاھ ئىشلىرى بۆلۈمىدىكى ھېلىقى ئايال

كۈلۈمسىرىگىنىچە قايتا تېپىشقان ئۈچ دەردمەنگە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئايال ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنى توغرىلاپ قويۇپ، ئوغلۇمنى ئېلىپ ئارقا رەتتە ئولتۇرغانىكەن. ئۇ يەردە ھەممە ئىشنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇ ئايالغا كۈلۈپ قولۇمنى سۇندۇم:

— رەھمەت، ھەدە...

ئايالىم ئۇ ئايالنىڭ مەڭزىگە ياشلىق مەڭزىنى ياقتى:

— ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلگىچە ئۇنتۇمايمەن، ھەدە...

ئۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىمۇ نەم بولدى.

— بەختلىك ياشاڭلار، مەڭگۈ ئايرىلماڭلار...

بىز ئۈچىمىز كۈلۈشكىنىمىزچە قول تۇتۇشۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق.

× × ×

— ئورنىڭىزدىن تۇرمامسىز؟ قاچانغىچە ئۇخلايدىكىن؟— دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام، ئۆيۈمدە يېتىپتىمەن، ئالدىمدا ئايالىم كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئويلاپ باقسام شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋە قىزىق چۈش كۆرۈپتىمەنكى...

چۈشۈمنى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئايالىمغا سۆزلەپ بەردىم. ئابالىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى؛

— نەدىكى بىمەنە چۈشنى كۆرۈپسىز، ئۆزىڭىزنىڭ كاللىسىدا بولمىسا ھەرگىز ئۇنداق چۈش كۆرمەيتتىڭىز... ئىزا تارتمايدىغان.

— خوتۇن، يەنە بىشەملىك قىلغىلى تۇردۇڭ، مۇشۇنداق قىلمىۋەرسەڭ، چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى قىزلارنى ئىزدەپ كېتىپ قالىمەن جۇمۇا — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ چاقچاق قىلدىم.

— كەتسىڭىز كېتىۋېرىڭ، چۈشىڭىزدىكىدەك تىياتىرخانىغا ئالدىمىغا بارارسىز شۇا — ئايالىم خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈۋەتتى.

— دادا، دادا، مېنى زادىلا تىياتىرغا ئاپىرىپ باقمىدىڭ، تىياتىرخانا قانداق بولىدۇ، بىزنىمۇ ئاپارغىنچۇ، —دادا!

بەش ياشلىق ئوغلۇم بىزنىڭ چاقچىقىمىزنى بۆلۈۋەتتى.

ئۇ توغرا ئېيتىۋاتاتتى. بالىمىز تۇغۇلغاندىن بۇيان ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ يا كىنوخانىغا، ياكى تىياتىرخانىغا بېرىپ باقماپتۇق. بالام تىياتىرخانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ راست ئېيتىۋاتاتتى. توغرا، بۈگۈن يەكشەنبە، يېڭى سېلىنغان «بەخت» تىياتىرخانىسىغا بېرىپ ئويۇن كۆرەيلىچۇ؟ مەن خىيالىمنى ئايالىمغا ئېيتتىم. بۇ گېپىم بىلەن ئايالىمنىڭ گۈل قەھقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. بىز خۇشال ـ خۇرام كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە ناشتىغا ئولتۇردۇق. ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە ئائىلە، سۆيگۈ ۋە ئىناقلىقنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس شادلىقى تولۇپ ـ تاشقانىدى. مەن ئاشۇ خۇشاللىق ئىچىدە ھېلىقى تۈگىمەس ۋە بىسەرەمجان ئۇزۇن چۈشلىرىمنى ئويلاپ قالدىم: «ھېلىمۇ ياخشى ئۇ پەقەتلا چۈش ئىكەن، ئوڭۇم ئەمەس ئىكەن. خۇداغا مىڭ قېتىم شۈكرى!» دېدىمەن ئىچىمدە. تووا دەيمەن، بۈگۈنكى ناشتىلىق باشقىچىلا ھۇزۇرلۇق بىلىنىۋاتىدۇ ـ يا ماڭا!...

1990ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى






قۇربان بارات

## ۋارشاۋا

ۋارشاۋانى قىلدۇق ساياھەت،
تۇتۇق، بۇلۇتلۇق ئەتىگەنلىكى.
كەڭ كوچىلار ئازادە، جىمجىت،
ئاسفالىتتا
يالتىرايدۇ كۈمۈش سۈيىدەك،
نېپىزمۇز ۋە يامغۇر نەملىكى.
بۇكوچىلار يانتۇ، ئېگىز - پەس،
شەھەر ئورنى تۈزلەڭلىك ئەمەس،
ھە دېگەندە ئۇچراپ تۇردۇ
تەبىئىي دۆڭلەر،
يېشىل قىيالىقلار،
كونا ئۆستەڭنىڭ بۇزۇلمىغان ئىزى.
غوللۇق ئۆسكەن دوب دەرىخىنىڭ
بوۋايلارنىڭ قول تومۇرىدەك
كۆپۈپ تۇردۇ
يەر ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققان
ئەگرى - بۈگرى قېرى يىلتىزى.
دەرەخزار ۋە چىمەنلىقلار ئارا



www.uyghurkitap.com

قەد تىكلىگەن
چېركاۋلار
كونا - يېڭى قىرلىق بىنالار،
گويا
يانداشقانىدەك تاغدا قىيالار.
قورۇلىرىدا، چىمەنلىكىدە
ئۆستۈرۈلگەن شىمال ئارچىسى.
بۇ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە
گىرەلىشىپ تۇرىدۇ بىللە
سەھرا قىزى، شەھەر يېگىتى
قۇچاقلىشىپ تۇرغانىدەك گويا
شەھەر بىلەن قىشلاق پارچىسى.
خۇددى خىلۋەت قىشلاقتىكىدەك
دەرەخلەردە بار قاغا چاڭگىسى،
چاڭگىلدايدۇ قاغىلار ئەركىن،
ئىنسانىنى كۆرۈپ قاچمايدۇ بەدەر.
سېغىزخان،
پىكاپلاردىن پىكاپقا قونۇپ،
لەپىلدىتىپ قۇيرۇقلىرىنى،
شاراقلاپ،
بەستلىك كەلگەن شوپۇر يىگىتلەرگە
كۈچۈك يىتىلەپ ئالغان
سېرىق چاچ، كۆك كۆز قىزلارغا
ئۆزىچە،
يەتكۈزىدۇ قانداقتۇ خەۋەر...

قارىغاندا بۇندا پولەكلەر،
قىرۇپ چىققان بۇ مەشھۇر شەھەرنى،
بۇزماي، ئۆزگەرتمەي
يەر چىرايى، زېمىن ئەسلىنى.
يوقاتمىغان،
تارىخنىڭ ئېغىر سىلجىشلىرىدا
تەبىئەتنىڭ ئانا بەھرىنى.
ئۆزلىرى ئۆسكەن بۇ بۆشۈك بىلەن
شۇ تەقلىدتە
تۇتاشتۇرغان يېڭى نەسلىنى.

ئۇلارنىڭ بۇ كۆيۈنۈشىدە
ئانا يەرگە بولغان ھۆرمەت بار.
چېپىپ تۈزلىمىگەن،
ئويۇپ يۇرمىگەن،
گويا ئوغۇل ئۆز ئانىسىغا
تىغ ئۇرۇپ،
ئۆز قولى بىلەن قىلمىغانىدەك يارىدار.
قۇتۇپ نۇرىدەك پارلاپ تۇرىدۇ،
يېشىل چاقناشلار —
بۇ بۆشۈكتىن چاقنىغان نۇرلار.
يورۇتىدۇ كېچە ۋە كۈندۈز
قوش باشلىق بۈركۈت كەشتىلەنگەن
بايراقلىرىنى،
بۇ بۆشۈكتىن كۆز - كۆزگە كۆچۈپ،
شۇ كۆزلەرگە پاتمىغان نۇرلار.

ياۋروپادىكى بۇ كىچىك مىللەت،
ئۆز ۋەتىنىدە ساقلىغان قىممەت.
يوق قىلالمىغان
ئۇلارنىڭ ئەركى ۋە ھوقۇقىنى،
ياۋروپانى قاپلاپ يامرىغان
ئۇرۇش ئوتلىرى،
قوشنىلارنىڭ زوراۋانلىقى،
باسقىنلار... يانغىنلار...
ۋە مىللەتنىڭ بېشىدىن كەچكەن
رەڭمۇ - رەڭ قىسمەت.
تانكا بۇزۇپ ئۆتكەن كونا تام،
سېپىلدىكى ئوق تۆشۈكلىرى،
سۇنغاچ قىلىچ، دات باسقان قالقان،
توپ ئوقىدا كۆيگەن كۆتەكلەر
بۇ تارىختىن بېرىدۇ دېرەك.
تەبىئەتنىمۇ ساقلىغان ئۇلار،
جەمئىيەتنىمۇ ساقلىغان ئۇلار،
شۇ سوققىلاردا ئانا يېرىگە
بولۇپ پىداكار،
بولۇپ يار - يۆلەك.

خۇددى ئۇلارنىڭ چىملىقلىرىدەك:

ئېغىر يۈكلۈك تۆمۈر ھارۋىلار
ئۆتسە يەنچىپ قالدۇرىدۇ ئىز.
لېكىن،
ھارۋا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن،
يېشىل ئوتلار تىكلىنىدۇ تېز.
يەنە دېڭىز يامغۇرى قۇيۇلار،
شامال يەلپۈر، قىزىتار قۇياش.
ئۇلار ئۆلمەيدۇ...
چۈنكى ئۇلارنىڭ
ئۆلمەيدىغان يىلتىزلىرى بار،
ئۆز زېمىنىدا،
تۇپراقتا چوڭقۇر —
بىر - بىرىگە كىرىشكەن تۇتاش...

× × ×

ئىززىتى چوڭ بۇ كىچىك مىللەت،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە قوزغىدى ھۆرمەت.

## كۈلۈمسىرەش...

دۇنيا گۈزەل كۈلۈمسىرەيدۇ،
سۈزۈك تاغدا بالقىسا قۇياش.
ئاسمان تۇتاش بولسا بۇلۇتسىز،
ۋە زېمىندا تۇمان بولمىسا،
يالتىراپ تۇرسا ئەينەككە ئوخشاش.
قۇياش ئۆزىمۇ كۈلۈمسىرەيدۇ،
كۆتۈرۈلگەندە يېڭى ئۇپۇقتىن.
كۈلۈمسىرەيدۇ،
تاغلار روشەن، ئورمانلار يېشىل
ئۇنىڭ نۇرى بەرگەن يورۇقتىن.
ئالتۇن نۇرلار ئەركىلەتكەندە،
شىلدىرلاپ يېنىك ئاققان ئېرىقتا،
ئوخچۇپ تۇرغان سۈزۈك بۇلاقتا،
تىنىچ كۆللەر ۋە دېڭىزلاردا —
سۇ يۈزىدە — يىراق - يىراقتا،
كۈلۈمسىرەش بولىدۇ پەيدا.
قىشنىڭ كۈنى يېڭى ياغقان قار،
شۇ نۇرلاردا كۈلۈمسىرەيدۇ،
كۈلۈمسىرەر ھەتتا،
قاتقان نېپىز، سۈپسۈزۈك مۇزلار،
سوغۇق چېچىپ تۇرسىمۇ گەرچە،
يەنىلا
كۆڭۈللەرنى قىلىدۇ شەيدا.
كۈلۈمسىرەشكە ئوخشاپ كېتىدۇ،
گۈل غۇنچىسىنىڭ ئېچىلىشىمۇ،
چېچەكلەردە كۈلۈمسىرەش بار.
ئۇ بولىدۇ كۆزدە، لەۋلەردە،
نەپرەت، ئۆچمەنلىك، قىساس يوق يەردە،
گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايدا،
قىزغىنلىقتا، سەمىمىيەتتە،
ئىستەكلەردە كۈلۈمسىرەش بار.
كۈلۈمسىرىگەن لەۋگە ئوخشايدۇ،
ئورغاقتەك بولۇپ چىققان يېڭى ئاي.
تولغان ئاينىڭ ئۆزىمۇ يەنە —
كۈلۈمسىرىگەن ئوچۇق بىر چىراي.
كۈلۈمسىرەيدۇ تۈندە يۇلتۇزلار،
تاڭدا چولپان كۈلۈمسىرەيدۇ.
ئۇ، دۇنياغا نۇرلىنىپ قاراپ،
شۇ ئېگىزلىكتە جىمجىت ۋە تەنھا،
دۇنياغا تېنچلىق،
ئىنسانلارغا بەخت تىلەيدۇ...
سالام بىلەن كۈلۈمسىرىدى،
ۋارشاۋادا بىزگە پولەكلەر.
ئىنتىلدى
تونۇشماققا، سۆھبەتلەشمەككە،
بىلدۈرمەككە قىزغىن ئىستەكلەر.
چۈنكى بىز مېھمان،
ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان ئۇيغۇر،
ۋارشاۋانى كۆرمەككە كەلگەن
ياخشى نىيەتلىك، خەيرىخاھ ئىنسان.
بىراق بىلمەيمىز پولەك تىلىنى،
بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۇلار بىلمەيدۇ،

uyghurkitap.com

پەقەت ئىللىق كۈلۈمسىرەيدۇ.
ئاشۇ قىزغىن كۈلۈمسىرەشتە،
سەپىرىمىزگە ئاق يول تىلەيدۇ.
ئاخىر، ھەممىمىزمۇ ئىنسان - دە!
ھېس ئەتتىمكى،
نەدە بولسا بۇ كۈلۈمسىرەش،
بولساك پەقەت ئادەملەر ئارا
بولمايدىكەن تېنەش - تەمتىرەش...

## ئالدىراش بۇلۇتلار

يات ئاسمانغا كۆز تاشلىدىم مەن ھەيران بولۇپ،
كۆرگەنلىرىم — دەريا كەبى ئالدىراش بۇلۇت.
دولقۇن بولۇپ پۈتۈن كۆكنى قاپلاپ ئۆتىدۇ،
چاپقان كىيىك پادىسىدەك تاخلاپ ئۆتىدۇ.
قاينامىمۇ بار، قۇيۇنمۇ بار ئۇچۇشلىرىدا،
زامانلىشىپ يەرۇ - كۆكنى قۇچۇشلىرىدا.
بەزىن پەسلەپ شالاڭ يامغۇر تۆكۈپ ئۆتىدۇ،
بەزىن ئايئاق پاختا بولۇپ كۈلۈپ ئۆتىدۇ.
يەڭگىل ئېقىن ئۆلكىلەردىن ئۆلكىگە ئۆتەر،
دېڭىزلاردىن چىقىپ يەنە دېڭىزغا كېتەر.
ھەيدەپ ئۆتەر قۇدرەتلىك، تېنىمسىز شامال،
زېمىندىكى ھاياتقىمۇ ئوخشايدۇ بۇ ھال.
ياۋروپانىڭ كۆكىدىكى بۇلۇت كارۋىنى،
بىر پىكىرنىڭ قاينىمىغا باشلىدى مېنى:
ئادەملەرمۇ، ئۇچۇپ ئۆتكەن بۇلۇتتەك تۇتاش
ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ئىكەن ئالدىراش.
ئالدىرايدۇ ئىشلىمەككە ۋە ياراتماققا،
ئوقۇماققا، ئۆگەنمەككە، ئەقىل تاپماققا.
بەيگىدىكى ئاتتەك چاپسان چېپىپ تۇرىدۇ،
شۇ چېپىشتىن بايلىق، بىلىم تېپىپ تۇرىدۇ.
پۈتۈن ھايات مارافونچە يۈگۈرۈش، رىقابەت،
ئولتۇرۇش ۋە ئاستا ماڭماق كەلتۈرەر ئاپەت.
يۈگۈرگەچكە تېز ئاقىدۇ تومۇرلاردا قان،
ھەرىكەتلىرىچە بەدەن، كۈچلۈك، پۇت-قولى چاققان.
ھا ماس-تالماس، كۆزى روشەن، مىجەزى تېتىك،
ۋە ئەقلىمۇ بىلەپ تۇرغان قىلىچتەك ئىتتىك.
شۇڭا سائەت - مىنۇتلارنى بىلىدىكەن جان،
بۇ قىتئەدە نەپەس ئېلىپ تۇرغان ھەر ئىنسان.
ئۆتكۈزمەسكەن ئۆز ئۆمرىنى كېلەر ۋە كەلمەس،
ئالتۇن سورىسالىڭ بېرەر، ئەمما ۋاقىتنى بەرمەس.
قانغا سىڭگەن بۇ خاراكتېر، بۇ قەيسەر ئادەت،
يەر شارىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتى غايەت.
تۆمۈر يوللار، ئاپتوموبىللار ۋە پاراخوتلار،
ئېلېكتردىن كەلگەن قۇۋۋەت، چاقنىغان ئوتلار،
تېلېفون ۋە تېلېگرافلار، رادىئو، تېلېۋىزور،
تانكا، توپلار، راكېتالار — قۇدرەتلىك، زور،
فابرىكىلار-كۆك ئاسمانى قاپلىغان تۈرخۇن،
زامانىۋى ھۈنەر-سەنئەت نۇرغۇن ۋە نۇرغۇن،
ئاپتوماتىك قۇرۇلمىلار ۋە ئېلېكترون،
كەلدى ئاشۇ خاراكتېردىن ھازىر ۋە بۇرۇن...

× × ×

قانغا سىڭگەن بۇ خاراكتېر، بۇ قەيسەر ئادەت،
يەر شارىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتى غايەت.

## دەرەخ ۋە بىنا

ۋارشاۋادا كۆردۈم بىر كۈن،
يېڭى بىر بىنا.
شەكلى ئۇنىڭ ئەگمەچ پۈتۈن —
ئىگىلگەن ئوقيا.
تۆپۈلۈككە بىر قاراپلا
بىلدىم ھەممىنى:
بىر تۈپ دەرەخ بەلگىلەپتۇ
ئۇنىڭ شەكلىنى.
يېڭى بىنا قۇرغۇچىلار
ئىكەن كەڭ قورساق.
بۇ دەرەخنىڭ كۆكلىشىنى
قويماپتۇ توساپ.
ئۇنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى
ئاسراپ قەلبىدىن،
يوغان تۆشۈك قالدۇرۇپتۇ

مەرمەر لەمپەردىن.
يىلتىزىنى ياسماي ئۇنىڭ
ئەگمپ ئۆتۈپتۇ.
تۇپراق، ئاپتاپ، يامغۇر بىلەن
تەممىن ئېتىپتۇ.
ئۇ تۇشۇكتىن چىقىپ دەرەخ
كۆكنى بويلاپتۇ.
بىناغىمۇ ھېچيەرىنى
توساپ قويماپتۇ.
يۈكسەك بىنا يالتىرايدۇ.
دەرەخمۇ يېشىل.
بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغان
ئىناق ۋە ئىجىل.
بىر ـ بىرىگە ھۆسىن بېرىپ
كۆكنى بويلىغان.
قۇرغۇچىلار باشتا بەلكى
شۇنداق ئويلىغان:
دۇنيا، زېمىن ھەممىمىزنىڭ،
ئۇنىڭ باغرى كەڭ.
نېمە ئۆسكەن بولسا ئۇندا
ياشاش ھەققى تەڭ.
ئۆتەلەيدۇ ھەممە بىللە
ئىناق سىغدىلىپ.
ھاجەت ئەممەس تالاش قىلماق،
قولغا تىغ ئېلىپ.
ئۆزى ئۈچۈن ئۆزگىلەرنى
ئەيلىسە قۇربان،
قۇرىمامدۇ يېشىل دۇنيا
بۇ كۆكلەپ تۇرغان؟

## ئادام. مىسكىۋىچنىڭ ھەيكىلى

بويسۇنماس مەغرۇر بېشى قەد كۆتۈرۈپ ئۇنىڭكى
ئالكساندىر قۇببىسىدىن ھەم ئېگىزرەك يۈكسەلگەن.
ئا. س. پۇشكىن — «ھەيكەل»

مەشھۇر پولەك شائىرىنىڭ ھەيكىلى
رىشاتكىلىق بىر قورودا يۈكسەلگەن.
ئارقىسىدا بىنا ـ قىرلىق ئۆگزىسىنىڭ
گويا ھەيكەل تىنىك قىياغا يۆلەنگەن.
قورو ئىچى يېشىل چىملىق، گۈلزارلىق،
ۋە ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەن نەۋقىران.
ھەيكىلىدە خىياللارغا بېرىلگەن،
قەلەم بىلەن جەڭگە چىققان قەھرىمان.
يېقىن يەردە كونا شەھەر سېپىلى،
مۇخلار ئۆسكەن، يامغۇرلاردا كۆكەرگەن.
سېپىل بىلەن ھەيكەل گويا ياندىشىپ،
بىر تارىخنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن.
تار كوچىدىن ئۆتكەن بارچە پولەكلەر،
شائىرىغا بىلدۈرىدۇ ئېھتىرام.
ئۇنىڭ ئۇلۇغ سۈكۈتىنى بۇزمايدۇ،
ئالسۇن دەيدۇ خىياللاردا ئۇ ئارام.
ئۇ يېپىنغان تونىنىڭ كەڭرى پەشلىرى
خۇددى بۈركۈت قاناتىغا ئوخشايدۇ.
مۇنداق ئۇچقۇر قاناتى بار بۈركۈتلەر
مەملىكەتنىڭ بايرىقىدا توختايدۇ.
ھە، ئەلۋەتتە، شائىر دېگەن بىر بايراق،
ھەر بىر مىللەت تارىخىدا كۆتۈرگەن.
پاكى ھەيكەل ئۆز يېرىدە ھەر زامان،
كۆز يەتكۈسىز تىنىك قىيادەك يۈكسەلگەن ـ
بولغان بولسا ھاياتىدا ئەگەر ئۇ
ئۆز خەلقىگە ۋاپادار ۋە يار ـ يۆلەك.
ۋە ئانىسى ـ مىللىتىنىڭ قەلبىدە
ئورۇپ تۇرغان قايناق قانلىق بىر يۈرەك.
خۇددى شۇنداق شائىر ـ ئادام. مىسكىۋىچ،
قوللىرىدا ئەنە شېئىر كىتابى.
بۇ كىتابتىن ياڭراپ تۇرار جاھانغا،
ئۇنىڭ پىكرى، كۈيلەشلىرى، خىتابى.
ياڭراپ تۇرار تاغدىن يانغان سادادەك،
لاچىن كەبى، بۇلبۇل كەبى سايراشلار.
ئوكيانىدەك ئۆركەشلىگەن ھاياجان،
قەھرى ـ غەزەپ، پارتلاشلار، قايناشلار.
مۇھەببەتنىڭ شېرىن سۆزى ئۇنتۇلماس،

www.uyghurkitap.com

قېرىنداشلىق، بۇرادەرلىك، يولداشلىق.
تىرىك جاننىڭ غېمى بىلەن ئازابى
ھەم بىچارە ئىنسانلارغا ھېسداشلىق.
تارىخ، مىللەت توغرىسىدا ئويلىنىش

ۋە خورلۇقتىن ئۇرغۇپ چىققان بىر پىغان.
چاقماق كەبى ئوتلۇق ئەقىل، خىياللار
ۋە ئاۋامنى ئويغاتقۇچى زور چۇقان.
ئۆسكەن يەرنىڭ، دېڭىز بىلەن ئورماننىڭ
گۈزەل تىلدا كەشتىلەنگەن تەبىئىتى،

دەريادىكى مەڭگۈ ئېقىن، بۇلاقنىڭ
يەر تېگىدىن ئۇرغۇپ چىققان شەربىتى ...
بۇ كىتابتىن ياڭراپ تۇرغان بۇ ھەممە،

مەڭگۈ تىنماس بىر ساداغا ئوخشايدۇ.
ھېچكىم بىلمەس، شائىرلاردا بۇ سادا
قايسى زامان تىنغان، قاچان توختايدۇ؟

بۇ شائىرنىڭ ھاياتىنى بىلمەن،
ئۇ ئۆمرىدە ئايلانغان شۇ ساداغا.
ئوت ئىچىدە ئۆتكەن ئۆمرى ۋە كۆيگەن،
ئۇچقۇنلىرى تاراپ كەتكەن ھاۋاغا.

ئۇ كىم ئۈچۈن ياندى، قانداق ئۆرتەندى،
پولەك خەلقى كېيىن بۇنى چۈشەنگەن.
ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ پارلاق بىر سەنئەت،
ئۆچمەس بايراق بولغىنىغا ئىشەنگەن.
بۇ ھەممىسى بولغان پەقەت بۇ شائىر
سوقىلاردا ئازاب بىلەن ئۆلگەندە.

كىمنى كۆمۈپ قويغىنىنى بىلىشكەن،
ئۇنىڭ ئاددى تاۋۇتىنى كۆمگەندە.
ھاياتىدا بولسا زەربە بېرىشكەن.

زادىگانلار بىلەن ئەخمەق كىنەزلەر.
ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلانغان
لالما ئىتلار بىلەن ساتقىن مىرزىلەر.
غەيۋەت بىلەن ھاقارەتتە قالدۇرۇپ،
سۇيىقەستلىك توزاق قۇرغان ھەممىدە.
قارا تۆھمەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇپ،
چوڭقۇر يارا ھاسىل قىلغان قەلبىدە.
چۈنكى غالىب، قۇدرەتلىك ئۇ ئەقىل
ئەقىلسىزدە قوزغاپ قويغان دۈشمەنلىك.
كۆندەشلىك بار تالانت بىلەن شۆھرەتتە،
قابىلىقتا ئىز قوغلايدۇ ئۆچمەنلىك.
خۇددى بولۇق بولغان ئالما مىسالى،
تاش ئاتىدۇ، شاخلىرىنى قايرىدۇ.
قاغا قونۇپ چوقىلايدۇ، قۇرۇتمۇ
يامىشىدۇ، ئۆز رىسقىنى ئايرىيدۇ ...
تالان - تاراج قىلىپ شۇنداق شائىرنى،
قانداق ئۆلدى ۋە ئۆلتەردى، بىلمەيدۇ.
كېيىن بولسا، بايراق قىلىپ كۆتۈرۈپ،
سەلتەنەتلىك ھەيكەللەرنى تىكلەيدۇ.
شۇنداق بولغان پولەكلەرنىڭ پەرزەنتى -
شائىر ئادام. مىسكىۋىچنىڭ تەقدىرى ...

1989 - يىل يانۋار، ۋارشاۋا





# زامانىۋى ئۇسسۇلنىڭ ئانىسى



ئەيسادورا. دۇنكاننىڭ ئەلھامى بىلەن

(ئى. دۇنكاننىڭ «ئۆمرۈم» ناملىق ئاپتوبىئوگرافىيىسىنى ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىم)

ئەنۋەر توختى

«زامانىۋى ئۇسسۇل»دىن گەپ ئاچساق، ئۇ ھازىرىمىزگە ناتونۇش ئەمەس، ئۇنىڭ غەربنىڭ ئۇسسۇل مەدەنىيىتىگە ئايلانغىنىغا 80 نەچچە يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بارغانسېرى گۈللەپ-ياراقسان بولۇپ، قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك، بۇغىررەڭ ۋە سېرىق تەنلىك ئەللەرنىڭ ئۇسسۇل مەدەنىيىتىگە خۇددى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتتەك ھالەت بىلەن تەسىر قىلماقتا. لېكىن مۇتەپەككۇر، ئىنقىلابچى، زامانىۋى ئۇسسۇلنىڭ ئاساسچىسى ئەيسادورا. دۇنكان خانىمنى -بۇ ئامېرىكىلىق



www.uyghurkitap.com

زاتنى بەلگىلىگەنلەر ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك؛ بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن قېزىپ، ئېچىپ، كېڭەيتىپ، يېڭىلاپ، گىردىلارچە بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا پىسەنت قىلماي، كونا ئەقىدىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ ئەنئەنىۋى «پەرھىز»لەرنى دادىل بۇزۇپ، ئىسلاھ قىلىش داۋامىدا يېڭى ئەنئەنە بەرپا قىلغانلىقىنى چۈشىنىدىغانلار تېخىمۇ ئاز بولسا كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ كەسىپداشلىرىمىز ئىسادورا. دونكان خانىمنىڭ «ئۆمرۈم» ناملىق تەرجىمىھال ئەسىرىنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولسا، مەلۇم پايدىلىق ئىلھاملارنى ئېلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزدە كەم بولۇپ تۇرغان نەرسىلەرنى تاپالىشى مۇمكىن.

ئى. دونكاننىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان «زامانىۋى ئۇسسۇل»لىرى (ئۆز ۋاقتىدا «ئەركىن ئۇسسۇل» دەپ تەرىپلەنگەن) ئەنئەنىۋى كلاسسىك بالېت ئۇسسۇلىنىڭ ئىسيانكارى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان، ئۇ شۇ چاغدىكى بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى مەدەنىيىتى ۋە ماشىنىلاشقان سانائەت مەدەنىيىتى راۋاج تېپىۋاتقان مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئى. دونكان ئەنە شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى ئۇسسۇل سەنئىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ئۇ ئەنە شۇ رېئالىزم روھىنىڭ تەسىرىدە شۇ زاماننىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى: ئۇسسۇل جەمئىيەتكە پەرداز بېرىدىغان بېزەك بولۇپلا قالماستىن، رېئاللىقنى، ئىنسانىي ھاياتقا چىراي ئاچىدىغان سەنئەتكە ئايلاندى. دونكان خانىمنىڭ يېڭى پەيدىدىكى ئۇسسۇللارنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدىكى غەيرەت ـ شىجائىتى، قىلغان ئەجرى بىھېسابتۇر. «ئۇچلۇق كەش»لەرنى، سىپايىنىپ تۇرىدىغان «ھەرىر كۆڭلەك»لەرنى، لەيلەپ تۇرىدىغان «ھەرىر رومال»لارنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشىلەر دونكانغا ـ يالىڭاياغ، يالاڭ بوي، ئۇستىگە پەقەت يۇنانچە تونىنىلا يېپىنچا قىلىۋېلىپ ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەركىن ـ ئازادە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن بىمالال ئىپادىلەپ بېرىۋاتقان بۇ «ئاسىي» ـ «ئىسيانكار»غا دەسلەپكى چاغلاردا گۇمان بىلەن ھەتتا نەپرەت بىلەن قارىدى.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتىدا بەزى چاغلاردا شۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىدۇ: قانداقتۇر بىر خىل ئارزۇ سىزنى ئۆزىڭىزگە تونۇش بولمىغان، ھەتتا خەۋپ ـ خەتەر چىقىش ئېھتىمالى بولغان يات بىر جايغا قەدەم تاشلاشقا جەلپ قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە، ئادەت كۈچى ۋە شۈكرى قانائەت خاھىشى سىزنىڭ ئالدىڭىزنى توسماقچى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، دونكان ئۇنداق توسقۇنلۇقلارغا باش ئەگمەي، يات ـ يېڭى جايغا قەيسەرلىك بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆز ۋاقتىدا بالېت ئۇسسۇلىدا ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن كونا قېلىپلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، رېئال تۇرمۇشتىن چەتنەپ كەتكەن مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئەنە شۇنداق ئەنئەنە ئىسكەنجىلىرىدىن ئازاد قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ يۈرىكىدىكى چىن زوق ۋە شەۋقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پەدە ـ شەكىللەرنى ئىزدەپ، ئۇسسۇلنى ياسىمىلىقتىن ئەينى تەبىئىيتىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى بولغان قەدىمكى يۇنان سەنئىتىدىن ئىلھام ئېلىشقا تىرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ئويناشقا قانداق كىرىشكەنلىكى ۋە ئۇسسۇلنى قانداق ئويناش لازىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «...چوڭ ئانام يۇرتىمىز ئىرلاندىيىدىكى قەدىناس ئائىلىمىز ئېسىگە كېلىپ قالسىلا ئىرلاند غەزەللىرىنى ئوقۇيتتى، ئىرلاند پەدىلىرىدە شوخ ئۇسسۇل ئويناپ كېتەتتى. مەن بولسام: ئىرلاند پەدىسىدە ئويناۋاتقان بۇ شوخ ئۇسسۇللارغا غەربنى گۈللەندۈرگەن ئىندىئان بوز يىگىتلىرىنىڭ جەڭگە ئاتلانغان چاغلاردىكى باتۇرلۇقلىرى، جاسارەتلىرى سىڭدۈرۈلۈپتۇ، دەپ ئويلايتتىم... چوڭ ئانامدىن ھەر خىل پەدىدىكى ئۇسسۇللارنى ئۆگەندىم، شۇ ئۇسسۇللارغا ياش ۋەتىنىم ئامېرىكىغا بولغان كۈچلۈك مېھرىمنىمۇ سىڭدۈردۈم.

ئاخىرىدا ھايات توغرىسىدا ۋىتماننىڭ① شېئىرلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن چۈشەنچىلىرىنىمۇ سىڭدۈردۈم. مېنىڭ دۇنياغا تارالغان دېنۇسان پەدىسى، دېگەن ئۇسلۇبلىرىمنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇ» («دونكان ئۇسلۇل سەنئىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 45- بېتىگە قاراڭ). ئى. دونكان رېئالىزم روھىنىڭ تەسىرىدە ئۇسلۇل ئويناش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئوينىغان ۋە ئوينايدىغان ئۇسلۇلنىڭ رېئالىزم روھىدا بولۇشىنىمۇ ئارزۇ قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «كونا پەدىدىكى ۋالىس، مازوركا مەيۇسلۇقنى ۋە خىيالىي - رومانتىك ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا ھازىرقى ياشلار ئۇلارنى ياراتمايدىغان بولدى... ئۇنىڭدىن كۆرە، ئەركىن - ئازادە سەكرەپ-تاقلاپ ئويناشقا قويۇپ بەرگەن ياخشى؛ باشلىرىنى تىك كۆتۈرۈپ، غۇلاچلىرىنى بەھوزۇر يېيىپ ئويناپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەددى - قامىتىنى نامايان قىلسۇن، باتۇرلۇقىمىزنى، جاسارىتىمىزنى ئىپادىلىسۇن» (يەنە يۇقىرىقى كىتاب، 47- بەت). دونكاننىڭ يازمىشلىرىدىن ۋە سۆھبەتلىرىدىن مەلۇمكى، ئۇ، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئەجدادلىرىنىڭ تەرەققىياتپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىر زات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نەزەرى ئۆتكۈر، ئىنتايىن تەلەپچان سەنئەتكاردۇر. ئۇ، ئۇسلۇلنى ئويۇن ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئوينىمايتتى، ئۇسلۇلغا جان كىرگۈزەتتى، رېئال ھاياتتىكى ئادەملەرنىڭ پىكىر - خىياللىرىنى، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئىستېتىك نەزەرىيىسىنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ بىر نەچچە ئەۋلادتىن بۇيانقى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئىجتىمائىي سەنئەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ئىسكەنجىلىرىدىن ئازاد قىلىپ، رېئال ھاياتنى، ئادەمنى گەۋدىلەندۈرۈش ئېھتىياجىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن دادىل ئىزدەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش جاسارىتى ئى. دونكان خانىمنىڭ سانائىي نەپىسە ھاياتىغا ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇرىغا ئىزچىل سىڭگەن. ئۇ، پەلسەپىنىڭ ئۇسلۇلغا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ: «پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر ئادەمگە يۈكسەك دەرىجىدە مەنىۋى ئوزۇق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ» دېگەن («ئۆمرۈم»نىڭ 120- بېتىدىن). ئۇ تەشنالىق بىلەن نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان، دىككىنس، شىللىر، شېكىسپىر، ۋىتمان، نىتزى، شوپېنخائۇئېرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قويماي ئوقۇغان؛ ئۇ مەنىۋى ئوزۇق تېپىش ئۈچۈن كۈنلەپ-كۈنلەپ مۇزېي، كۇتۇپخانا، سەنئەت سارايلىرىغا چۆكۈپ، ھەتتا تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنۇتقان، ئۇ شوپېنخائۇئېر بىلەن نىتزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىگە تولىمۇ زوقلانغان؛ نىتزىنىڭ «مەغرۇرانە مۇستەقىل» روھىغا ئاپىرىن ئوقۇغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۆمرۈم» ناملىق ئەسىرىدە: «نىتزىنىڭ يېتەكچىلىكى ئۇسلۇلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىشتا... ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ»، «زاراتۇستىرا مۇنداق دەيدۇ» دېگەن كىتاب قولۇمدىن چۈشمەيدۇ.... نىتزى پەلسەپىسىنىڭ سېھىرىي كۈچى مېنى ئۆزىگە خۇشتار قىلىۋالدى» دەيدۇ (شۇ ئەسەر، 153- بەت). ئۇ، مۇزىكا بىلەن ئۇسلۇلنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭدا ئۇ شوپېنخائۇئېرنىڭ مۇزىكا بىلەن ئىرادە - نىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدىكى بايانلىرىدىن ئىلھام ئالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: «شوپېنخائۇئېر مۇزىكا بىلەن ئىرادە - نىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پەلسەپىۋى ئاساستا شەرھلىگەنىكەن، ئۇ شەرھ ماڭا كارامەت ئىلھام بولدى» دەيدۇ (يەنە شۇ ئەسەر، 120- بەت). بىر چاغلاردا

① ۋالت ۋىتمان (1819—1892) ئامېرىكىلىق شائىر، ئۇنىڭ «ياپراق»، «مېنىڭ ناخشام»، «ياۋروپا» دېگەندەك مەشھۇر شېئىرلىرى، توپلاملىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇسسۇل پەقەت ئاددىي پەدىلەرنىلا ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى، شۇڭا: ئۇسسۇل تەنتەنىلىك، سەلتەنەتلىك چۈشقۇر مەنىلىك مۇزىكىلارنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ؛ بېتخوۋېن، شوپېن، ۋاگنىلارنىڭ ئۇلۇغ پەدىلىرىنى ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلەش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، دەيدىغان قاراشلار بار ئىدى، لېكىن دونكان شۇ كاتتا مۇزىكا پېشىۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇسسۇل بىلەن دادىل، ھەم ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇللىرى مۇزىكىنىڭ پەدىلىرىگە باغلانغان ئەمەس، بەلكى مۇزىكىدىكى ھېسسىيات ۋە پىكىرلەرنى ئاددىي ئەمما ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىققان ھەرىكەت بىلەن، بەدىئىي ماھارەت بىلەن تاماشىبىنلار ئالدىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. دونكاننىڭ ئاشۇنداق ئۇچمۇر تارىخى بىزگە نېمە ئىلھاملارنى بېرىدۇ؟ ئەگەر ئىنكىملەنمەستىن شۇنداقلا جاۋاب بېرىش توغرا كەلسە، مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: كىتابنى كۆپرەك ئوقۇشىمىز كېرەك، مۇزىكىنى كۆپرەك ئاڭلىشىمىز كېرەك، رەسىم-سۈرەت، ھەيكەللەرنى كۆپرەك كۆرۈشىمىز كېرەك، بۇلار نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشكە، سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىن بەھرىلىنىش، ئۇلارنى چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشكە، سەنئەت جەھەتتىكى بىلىمىمىزنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

مال - دۇنيا دېگەن نەرسە جاھاننىڭ نەزەرىدە ھەرگىزمۇ سەنئەتنىڭ لايىقى ئەمەس. ئۇ. دونكان ئىقتىسادتا تازا قىيىنىلىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاتتا بىر نەغمە - ناۋا سارىيىنىڭ خوجايىنى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ سارايدا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ھەر بىر ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۈچۈن 1000 مارك بېرىدىغانلىقىنى - يۇقىرى ھەق تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئى. دونكان خانىم بولسا قاتتىق غەزەپلىنىپ: «مەن ياۋروپاغا ئىنساننىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى بەدەن ھەرىكەتلىرى سەنئىتى بىلەن ئىپادىلەش، يەنى كىشىلەرگە زاھىرى تاشقى - جىسمانىي گۈزەللىك بىلەن باتىنى (يۈرەك - قەلب) پاكلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاشۇنداق مەنىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن كەلدىم، باداڭ قورساق بۇرژۇئازلارغا ئىشتەي نەغمىسى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەسمەن» دېگەن («ئۆمرۈم» 90- بەت). ھەممە جەھەتتە «پۇلغا قاراپ» ئىش قىلىش ئېقىمى يامراپ تۇرغان شارائىتتا، ئۆزىنىڭ پاك ۋىجدانىنى پۇل - مال لاتقىلىرىغا پاتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قەدىرلىك سەنئىتىنى «پۇل - مال»غا قۇربانلىق قىلىپ بېرىدىغان ئادەملەر ئى. دونكاننىڭ ئالدىدا نەقەدەر چاكىنا بولۇپ كۆرۈنىدۇ - ھە؟!

دونكاننىڭ ئىسلاھاتچىلىق- يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيىسى ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ ھامىلىرى نەزەرىدە «ئەسلى زاتىنى ئۇنتۇغان»لىق دېيىمۇ قارالغان. ئۇنداق قاراش ئەمەلىيەتتە دونكاننى خاتا چۈشىنىش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان. دونكان قەدىمدىن قالغان مەدەنىيەت - سەنئەت مىراسلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. ئۇ بىر چاغدا بىر يەلكەنلىك كېمىگە يالقۇپلىپ، خەۋپ - خەتەرلەرگە پىسەنت قىلماي ئىئونىيە دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆز زامانىسىدىن 2000 يىل ئىلگىرى ماكدونىيە سۇلتانى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۈرۈش قىلغان تاغ يوللىرىنى ئارىلاپ چىققان. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلۇغ تەبىئەت ھۆسنىدىن بەھرىلىنىش ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ پارلاق ئەقىل - پاراسەت تېپىش ئىدى. دېگەندەك، ئۇنىڭ يۇنانىستاننىڭ ئافىنا شەھىرىگە قىلغان سەيلە - زىيارىتى ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

دېمەك، قەدىمكى يۇنان سەنئىتى بولمىغان بولسا، ئىسادورا. دونكان سەنئەتتە راۋاج تاپالمىغان بولاتتى.

دېمەك، قەدىمدىن قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مۇھەببىتى بولمىغان، ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمنىڭ يېڭى مەدەنىيەت يارىتىمەن، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئىجابىي خىزمەت قىلىمەن دېيىشى مەمەدانىلىقتىن، خام خىيالدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. دۇنكاننىڭ «ئىنكار» قىلىشى «چۆرۈپ تاشلاش» ئەمەس، بەلكى ئىنكار قىلىش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىنكار قىلىنغان نەرسىلەرنى يېڭىباشتىن تەتقىق قىلىپ، ئىسلاھات قىزغىنلىقىدا نەزەردىن چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى ئىزلەپ تېپىشتىن ئىبارەت. ئىلگىرىكى باللېتنى ئىنكار قىلىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان زامانىۋى ئۇسسۇل ئۆز نۆۋىتىدە باللېتنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، باللېتنى جاھالەتتىن، شەكلىياتچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، زامانغا، رېئاللىققا يېقىنلاشتۇرغان، يەنى يېڭى پەردىدىكى «زامانىۋى باللېت»نى مەيدانغا چىقارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىر-بىرىنى يەكلىمەيدۇ، بىر - بىرىگە زىت ئەمەس، بىر - بىرىگە سىڭىشىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. دېمەك، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ ئۆزى «پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش» ئەمەس.

قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىسادورا. دۇنكان ئىنقىلابقا ئوتتەك تەلپۈنىدىغان سەنئەتچى. ئۇ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قىزغىن قوللاپ، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق غايىسىنى، سەنئەت غايىسىنى تەرەققىيپەرۋەر خەلقلەرنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىغا چەمبەرچاس چاتقان. ۋېنگىرىيىدە مىللەت قەھرىمانلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، «ماتەم مارشى» پەردىسىگە ئوينىغان؛ نيۇ-يوركتىكى «پايتەخت ئوپېراسى» سەھنىسىدە چوڭ ۋە كەڭ قىزىل شال رومالغا ئورىنىپ چىقىپ، روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە بېغىشلاپ «مارسېل كۈيى» پەردىسىگە تولىمۇ زوق - شەۋقى بىلەن ئويناپ بەرگەن، ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە ھاياجانلىنىپ «ئىسلاۋيان مارشى» پەردىسىگە ئويناپ، چار پادىشاھىسىنىڭ قامچىسى ئاستىدا جەبىر - زۇلۇم چەككەن مەزلۇم - قۇللارنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە، مەرىپەتكە بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن بايان قىلغان. ئىسادورا. دۇنكان سەنئەتكە ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ سەنئىتىنىڭ ئەستايىدىللىق ئامىللىرىنى چىقىرىپ تاشلىغان شاللاق دورامچىلارغا رەددىيە بەرگەن. دەرۋەقە، زامانىۋى ئۇسسۇل ئىسادورا. دۇنكاندىن كېيىن بىر نەچچە ئەۋلاد ئۇسسۇلچىلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى بىلەن ھازىرقى كۈنگە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. «چاھار باغنىڭ سۆڭگۈچى تولا» دېگەندەك، «زامانىۋى ئۇسسۇل»نىڭ شېخى كۆپەيدى، نامىمۇ كۆپەيدى. بولۇپمۇ ھازىرقى كۈندە بەزى غەرب ئەللىرىدە «زامانىۋى ئۇسسۇل»دىن شاخلاپ چىققان «ئارتىپ كەتكەن زامانىۋى ئۇسسۇل» ياكى «ئۇلترا زامانىۋى ئۇسسۇل»، «مۇجمەل زامانىۋى ئۇسسۇل» دېگەندەك مەزھەب-ئېقىملار زامانىۋى ئۇسسۇلنى ئىجادىيەتچىلىك ئىدىيىسى، مەزمۇن تاللاش نۇقتىسى، ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى ۋە ھەتتا ئىپادىلەش چارىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە تويۇق يوللارغا باشلاپ، دۇنكاننىڭ سەنئەت ئېستېتىكىسى پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلماقتا.

بىز بۈگۈنكى كۈندە ئىسادورا. دۇنكان خانىمنىڭ «ئۆمرۈم» ناملىق تەرجىمىھال ئەسىرىنى تارىخىي ئويلىنىش تەرىقىسىدە تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭغا تارىخىي ئەينەك تەرىقىسىدە قارايدىغان بولساق، ئۇسسۇل سەنئىتى تەرەققىياتىدا بەلگىلىك مەنپەئەت ھاسىل قىلالايمىز، ئەلۋەتتە.

1989 - يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى





# كۆرۈمسىز تامچا

(ھېكايە)

ئابباس مونىياز

زالنى بىر ئالغان شاۋقۇن - سۈرەنلەر مانا ئەمدى بېسىقتى. ھەممەيلەن سەھنىدە «قىزىقارلىق تەجرىبە» ئىشلەۋاتقان مۇئەللىمگە دىققەت بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

نۆۋەتتىكى تەجرىبە ئېلان قىلىندى. مۇئەللىم ئۇزۇنچاق بىر قاچىدا (يۇقىرى يىللىق سىنىپ بالىلىرى ئۇنى پىروبىركا دەيدىكەن) ناھايىتى سەتلا بىر خىل رەڭگە كىرىپ قالغان ئازراق سۇيۇقلۇقنى ۋە بىر نەچچە سايمانلار (ئۇلارنىڭ نېمىدەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيدىكەنمەن)نى كۆتۈرۈپ، سەھنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ، سۆزلىگەچ، شۇ سۆزىگە ماس ھالدا تەجرىبە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىلدىمكى، «ساپ سۇ ئايرىش ئۆتكىلى» دەپ ئېلان قىلىنغىنى پاسكىنا سۇنى تازىلاش تەجرىبىسى ئىكەن. مۇئەللىم تەجرىبىگە بىرلەشتۈرۈپ شۇنچە كۆپ نەرسىنى سۆزلىدىكى، بەزى سۆزلەرنى زادىلا چۈشەنمىدىم. «ماۋۇلارنىمۇ چۈشەنمىگەنمىدۇ» دەپ، سول تەرىپىمدە ئولتۇرغان يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىدىم. ئۇلار چۈشىنىشكەن

بولسا كېرەك، ئاھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا سەھنىگە تىكىلگەنىدى. قارىغاندا، تەجرىبە خېلى قىزىقارلىق قىلاتتى.

شۇنچە بىلەن تەجرىبە ئىشلەپ بېرىۋاتسا، شۇ ھېسسىياتىمنىڭ كەينىگە كىرىپ، خىيال قىلىپ كەتكىنىمنى قارىمامدىغان. ئويلاپ نەگىرەك كېلىۋېدىمەن، بىر چاغدا «قارا» دېگەندەك بىلىندى، سەھنىگە قارىسام، مۇئەللىم تۇتۇپ تۇرغان ھېلىقى پروبىركىدا ئاز، لېكىن سۈپسۈزۈك سۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇرۇپتۇ. ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم: بۇ سۇ راستىنلا ھېلىقى «يۇندا» شۇمىدۇ؟... مۇئەللىم يەنە چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. «مەن نەگە قاراپ ئولتۇردۇم - ھە؟ ئۇنى قانداق تازىلىغانلىقىنىمۇ كۆرمەپتىمەنغۇ؟» مەن ئۆزۈمنى ئەيىبلەشكە باشلىدىم...

كۆزۈمنى يۇمساممۇ شۇ، ئاچساممۇ شۇ: پروبىركىدىكى سۇ سۈزۈكلۈكىدىن مەمنۇن بولغاندەك جىلۋىلىنىپ، كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا كۆزۈمنى يېرىم يۇمغان ھالدا قاراپ تۇرۇپ قالدىم... پروبىركا گىردىمەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شۇ تەرىقىدە يەنە قارىدىم... ئەمدى پروبىركىدىكى سۇيۇقلۇق بىردىنلا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مويسىپىت بىر ئادەم بولۇپ كۆرۈندى. مەن گاڭگىراپ قالدىم. بۇ ئادەم راستىنلا مەن ئويلاپ ئولتۇرغان ھېلىقى ئادەمگە ئوخشاۋاتاتتى...

× × ×

ئۇنى كۆرسەملا ئېچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ. ئۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداقمىكىن، ياكى بولمىسا... قارىماققا ئۇ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەكمۇ ئادەم ئەمەس. بۇ كوچىدىكى ئالارمەن - ساتارمەنلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەتتا بەزى ۋاقىتتا كۆزگە كۆرۈنمەيمۇ قالىدۇ (ئىزاھلاپ قويايكى، ئۇ تىجارەتچى ئەمەس). نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بىچارىلىكىگە قاراپ ئىچىم ئاغرىيدۇ. لېكىن مەيلىمگە قويۇپ بېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يېنىغا زادىلا كەلگۈم يوق. مىڭ كايىغان بىلەن ئۆزۈم تاپقان بالا - دە.

بۈگۈن ئۇنىڭ ھالى بەكمۇ ئوسال ئىدى: ئالدىدا بىرەر پارچە نانمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى، ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە بىچارىلەرچە تىكىلەتتى. ئەتىگەندىن بۇيان ئاچ قورساق ئولتۇرسا كېرەك، لەۋلىرى قۇرۇپ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەنىدى. جۇدەڭگۈ يۈزى ئەسلى رەڭگىنى يوقىتىپ، خۇددى قازاننىڭ كۈيىسىنى سۈرتۈپ قويغاندەك قارىداپ، قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى.

مەن بۇ ئادەمنى ئىككى ئاي بۇرۇن دەل مۇشۇ يەردە، يەنە كېلىپ مۇشۇ جۇلدۇر كىيىمى بىلەن ئۇچرىتىپ قالغانىدىم. قارىماسىز، كەچكۈز بولۇشىغا قارىماي يەنىلا شۇ ۋاقىتتىكى يالاڭ ئىشتان بىلەن غال - غال تىترەپ ئولتۇرمامدۇ؟

ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان، دۈگىلەك يۈزلۈك، ھەجىيىپلا تۇرىدىغان لازىچى؛ سول تەرىپىتىرەك بىر لەڭپۇڭچى ئايال تىجارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسى ۋە ئالدى تەرەپلىرىدىكى ئەر - ئايال تىجارەتچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئېقىۋاتقان سودىسى بىلەن خۇشال. بۇ يەردە قاسساپ دەمسىز، ئاشپەز دەمسىز، گەزمالچى دەمسىز ۋە ياكى ئوتياش ساتقۇچى دەمسىز، ئىشقىلىپ، ھەممە ئوقەتچى تېپىلىدۇ. مەن گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ ئادەم مۇشۇلار تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىدىغان، يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ خەيرى -

ساخاۋىتىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان بىر تىلەمچى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا دۈۋىلەنگەن، كۆپەلدەپ سېسىق پۇراق تارقىلىپ تۇرغان ئەخلەتلەر ئۇنى تولىمۇ يېرگىنىشلىك، قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر. ئۇ، ئەتىدىن كەچكىچە جالاقلاپ تىترەپ، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ غەمسىز كۆزلىرىدىن ساخاۋەت ئىزدىگىنى ئىزدىگەن.

مەن ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بالىلارچە كۈلۈمسىرەپ قويىدۇم، ئاندىن يېنىغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردۇم. ئۇ، ماڭا پەرۋاسىزلا قاراپ قويدى، لېكىن باشقا كۈنلەردىكىدەك چىراي ئاچمىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىغا پەرۋامۇ قىلماستىن، بۇرۇنقىدەكلا مەشق دەپتىرىمنى ئېلىش ئۈچۈن بوغچامغا قولۇمنى سالدىم. ئۇ، لېۋىنى خۇددى كىچىك بالىلاردەك شوراپ، بوغچىمنى ئاقتۇرۇۋاتقان قولۇمغا تەلمۈرۈپ قاراپ كەتتى. بۇ قاراشتىن ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى پەملەپ قالدىم. ئىلگىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ھەرىكىتىم بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە ئېلىنىپ قالغانىدىم، بىراق ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا دەپتەر ئەمەس، نان تەڭلىگەنىدىم.

تېخى ناشتا قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئالدىراپ مەكتەپكە كېتىۋاتاتتىم. ئازراق يۈگۈرۈپ ئاندىن قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم ۋە بوغچامدىكى ناننى ئاز - ئازدىن ئۈزۈپ يەپ ماڭدىم. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قولۇمنى يەنە بوغچامدىكى نانغا ئۇزاتتىم. شۇئان يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن تىترەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئامىن... بالام، خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلارا...

مەن چۆچۈپ ھېلىقى تەرەپكە قارىدىم. قارىدىمۇ، ئېنىم شۇركىنىپ كەتتى: بېشىغا بىر نەچچە يېرى تېشىلىپ كەتكەن تۇماق، ئۇچىسىغا قاپلانغان رەختى يىرتىلىپ، ئىتنىڭ تىلىدەك ساڭگىلاپ قالغان كونا جۇۋا كىيىۋالغان، ئىككى پۇتى ھوشۇقى ئۈستىدىنلا يوق، يۈزى قاسماقلىشىپ كەتكەن قورقۇنچلۇق بىر ئادەم، ئىككى قولىنى ئاغزىنىڭ ئۇدۇلىغا ئەكىلىپ جۈپلەپ، بىرنېمىلەرنى دېگىنىچە ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. «ھە... تىلەمچىكەن - دە!» دەپ ئويلىدۇم مەن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ ۋە ئاپامنىڭ «غېرىب - غۇرۋالارغا سەدىقە بەرسە ساۋاب بولىدۇ» دېگىنىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا يەۋاتقان نېنىمنى ئازراق ئۈشتۈپ بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇنىڭ ئالدىغا ئازراق مېڭىپ بېقىپ يەنە قورققۇم كەلدى. «مېنى قېشىغا يېقىن ئاپىرىپ كاپىلا قىلىپ ئېسىۋالىسىچۇ؟» كەينىمگە يانغانىدىم، ئۇ:

—قورقما ئوغلۇم، سېنى ھېچنېمە قىلمايمەن، — دېدى.

«راست، نېمە قىلالايتتى. ماڭا ئېسىلغۇدەك بولسا، پارتلا قىلىپ قاچسام بولمامدىمۇ؟ ھە تېخى ئۇنىڭ پۇتى يوق تۇرسا مېنى قانداق قوغلىيالايدۇ؟» مەن سەل يۈرىكىمنى توختاتتىم. راستىنى دېسەم، مېنى قورقۇنچقا سالغىنى ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىلەن بەتبەشىرە قىياپىتى ئىدى. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى مېنىلا ئەمەس ئۆزىنى توختاتقان كىشىلەرنىمۇ دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ھەر ھالدا نېنىمنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئارقامدىن ئىت قوغلىغاندەك ئىتتىك كېتىپ قالدىم.

ئۇنىڭغا بەك ئىچىم ئاغرىپ كەتكىنى ئۈچۈنمىكىن، ئەتىسىدىن باشلاپلا يېقىن يولنى تاشلاپ، مۇشۇ يولدىن ئۆتكەچ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. ئۇ مېنى تونۇپ قالدى بولغاي، مەندىن سەدىقە تەلەپ قىلمايدىغان، بەلكى مېنى كۆرسىلا بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىپ قويىدىغان بولدى. كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى، بىر كۈنى كۈتمىگەن يەردىن ئۇ مېنى «ئوغلۇم» دەپ چاقىرىپ قالدى. ئەمدىلىكتە مەن ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان بولغانىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ يېنىغا يۈرەكلىك ھالدا بېرىۋەردىم.

— كىمنىڭ بالىسىسەن، — دېدى ئۇ، مەن يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوخشىمامسەن؟

«بۇ توكۇر مەكتەپ دېگەننىمۇ بىلىدىكەن - ھە؟» مەن ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەن ھالدا قاراپ قويدۇم. لېكىن سورىغانلىرىغا جاۋاب بەرمەي بولمىدى. ئۇ، جاۋابىمنى ئاڭلاپ، كۆزۈمگە بىر دەم تىكىلىپ قارىدى - دە:

— ھىم... مۇنداق دېگىن. داداڭ ئەكىلىپ بەرگىچە، ئالدىمغا ئۆزۈڭلا كېلىۋالدىڭغۇ، كەپسىز، — ئۇ كۈلۈمسىرىدى. بۇ - كەم ئۇچرايدىغان كۈلۈمسىرەشتەك قىلاتتى، — سەن بىلمەيسەن، داداڭ بىلەن كونا تونۇشلاردىنمىز. ئۇ: «بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان بىر ئوغلۇم بار، ئۆزلىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويسام، ئەتىسى - ئاخشىمى ئوقۇتۇپ يۈرۈپ كۆزىنى ئېچىپ قويغان بولسىلا» دېۋىدى، ئالدىمغا ئۆزۈڭ كېپسەن. خەتنى ئوبدان ئوقۇيالامسەن؟

ئەرۋاھىم ئۇچتى. «ھەي دادا، مېنى ئەمدى نېمە ئىش قىلسۇن دەۋاتىسەن، — دېدىم ئىچىمدە قايناپ، — مېنىمۇ مۇشۇ قەلەندەرگە شاگىرت بول دېمەكچىمۇ؟ مەن نامرات باققال، ئۇششاق باللىرىم كۆپ، دېگەننى باھانە قىلىپ، مېنى دىۋانە قىلماقچىمۇ؟ ماۋۇ قەلەندەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ، خەت ئوقۇيالىسام، شاگىرتلىققا ئالمايدىغاندەك قىلىدۇ تېخى... مەن نېمە دەيتتىمكىن... مېنى ئالداپ - سىلاپ يېنىغا تارتىشنى ئويلاپ يۈرۈپتىكەن - دە، ھۇ... ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان توكۇر دىۋانە، ھەر كۈنى نان بېرىپتىمىنا...»

ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قويدۇم ۋە قوپاللىق بىلەن:

— خەت دېگەننى سۇدەك شارىلدىتىپ ئوقۇيمەن، — دېدىم. بۇ، ئاچچىقىمغا پايلىماي، پو ئېتىپ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويغىنىم ئىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— داداڭمۇ دېگەن بولغىيتتى. مېنىڭ ئىسمىم تۇرسۇنئاخۇن، خەقلەر پۇتۇمغا قاراپ «تۇرسۇن توكۇر» دەپمۇ قويىدۇ. سەن داداڭ دېگەندەك ئوبدان بالىكەنسەن، داداڭنىڭ تەلىپىمۇ شۇ، ئىككىمىز چىقىشىپ قالايلى، — دېدى.

مەن باياتىن بېرى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرساممۇ، ئەمدى «ئوبدان بالىكەنسەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ خېلى خوش بولۇپ قالدىم ۋە ئۇنىڭغا سەل يېقىنلىشىپ ئولتۇردۇم. لېكىن «دىۋانە بولۇش» كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ گېپىنى بىر ئاڭلاپ باقاي، دەپ ئويلىدىم ئاخىرى.

— مانا ماۋۇ يەردە ناھايىتى قىزىق بىر كىتاب بار، ئوقۇپ باق. كۈلسەڭمۇ؟ تىلەمچى تۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىكەن، دەپ ئويلاۋاتامسەن

www.uighurkitap.com

مەن ـ يە؟ بۇنى داداڭدىن سورىساڭ بىلىسەن. سەندىمۇ بەلەن كىتابلار بولسا ماڭا بېرىپ تۇرغىن، ماقۇلمۇ؟

ـ ماقۇل،ـ مەن ئويلاپ تۇرمايلا جاۋاب بەردىم. بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىپ قويۇپ پۇشايمان قىلدىم. مەندە نەدىمۇ بۇ دىۋانىغا خوشياقىدەك قىزىق كىتابلار بولسۇن؟

ئۇ، يېنىدىكى جۇلجۇل بولۇپ كەتكەن باش ياغلىقىدىن ناھايىتى كونا، مۇقاۋىسىمۇ يوق بىر كىتابنى چىقاردى. مەن ھەيران قالدىم. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشىنى بىلىدىغانلىقىنى، كىتاب ساقلايدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. «مېنىڭ دادام جېنىمدا كىتاب ئوقۇمايدۇ يۇ، بۇ ئادەم توكۇر، تىلەمچى تۇرۇپ...» شۇنداقتىمۇ كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىدىم: «يائاللا قانداق كىتاب بۇ؟» شۇنچە سىنچىلاپ قاراپ بىرەر جۈملىمۇ ئوقۇيالمىدىم. ئاخىرى راست گېپىمنى دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم:

ـ بۇ، موللامچە خەتكەن، ئوقۇيالمايدىكەنمەن.

ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

ـ نېمە دېدىڭ، موللامچە خەتكەن؟ـ ئۇ ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قويدى،ـ بۇ نەدە موللامچە خەت بولىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ خېتى بۇ، ئۆزىمىزنىڭ. سىلەرگە بۇنداق خەت ئۆگەتمامدا؟ـ ئۇ، قولۇمدىكى كىتابنى ئىتتىك ئېلىۋېلىپ، ھېلىقى ياغلىق بىلەن يۆگەپ قويدى،ـ داداڭمۇ شۇنى دېگەنتى، مەن ئۆگىتىپ قويسام ئۆگىنەمسەن ئەمىسە؟

ـ ئۆگىنەي.

مەن ئالدىراپلا ماقۇل بولدۇم. «ياق، ئۆگەنمەيمەن» دېگىنىم بىلەنمۇ، يەنىلا دادام قولىقىمدىن تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرىدىغان گەپكەن. تىلەمچى بولغاندىن موللامچە خەت ئۆگىنىش سەل ياخشىراق، دەپ ئويلىدىم مەن تىلەمچى بولمايدىغانلىقىمنى ئەمدىرەك بىلىپ.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشتىم. ئۆيگە بارغاندا دادامغا ئېيتسام، ئۇ مېنى ماختاپ ئۇچۇرۇپلىۋەتتى: «ۋاي ئەقىللىق ئوغلۇم، داداڭنىڭ قورسىقىدىكىنى تېپىپسەن، چوڭ بولساڭ ئالىم بولىدىغان ئوخشايسەن...» دېگەنلىرى مېنى يايرىتىۋەتتى. ئالىم دېگەن قانداقراق ئادەم، ئۇنى كۆرمىسەممۇ ھەر ھالدا، ئۇ ـ ئەل ـ جامائەت ھۆرمەتلەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان كاتتا زاتقۇ، دەپ ئويلايتتىم. بەش باللىق بولغان، ئاسانلىقچە ئادەم ياراتمايدىغان دادامنىڭ مېنى ماختاپ كەتكەنلىكىدىن خوش بولۇپ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ماختىماي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاشۇ يىرگىنىشلىك ئادەمنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئىزلەپ بارىدىغان بولدۇم.

دەسلەپتە بۇنداق «موللامچە خەت»نى ئۆگىنىشكە خېلىلا قىزىقىپ قالدىم. ئۇمۇ ئادەمنى قىزىقتۇرۇشقا بەك ئۇستا ئادەمكەن. ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرى مېنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ھېكايىلەر بەلكىم ساۋاقداشلىرىمنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بولغىيتتى. ئاڭلىغانلىرىم كۆپەيگەنچە، مېنى قانداقتۇر بىر خىل ئىشەنچ، قانداقتۇر بىر خىل ئىپتىخارلىق ئۆز ئىلكىدە يەڭگىل تەۋرىتىپ، بۇ خەتنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋاتاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنچە «تۇرسۇن توكۇر» كۆزۈمگە سەل ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن گەپنى

قىلغانىدا، ئۇ، كۆپ نەرسىنى بىلىدىغانلىقى ۋە ئاقىللىق مۇئامىلىسى بىلەن مېنىڭ قەلب ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا بولغان يامان قارىشىمنى خېلىلا ئاجىزلاشتۇرغانىدى.

لېكىن، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭغا بولغان يامان قارىشىم يەنە كۈچىيىپ قالدى. قايسىبىر كۈنى سىنىپتا مۇشۇ خەتنى ھەجىلەپ يېزىپ ئۆگىنىۋاتسام، ئالدىمدا ئولتۇرىدىغان قىلىقى سەت ئەخمەق تاز مەشق دەپتىرىمنى ئېلىۋېلىپ، باشقىلارغا كۆرسىتىپ: «ھوي... ھوي، ماۋۇ موللام موللامچە خەت ئۆگەنگىلى تۇرۇپتۇ، يۈسۈپ - موللامكەن» دېمەسمۇ، شۇنىڭدىن كېيىنلا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى «يۈسۈپ موللام» دەپ زاڭلىق قىلىدىغان بولۇۋېلىشتى. يىغلاپ - يالۋۇرۇپ باقتىم. تېرىككەنسېرى بۇ گەپ چىڭىغا چىقىپ ماڭا لەقەم بولۇپ سىڭدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەتنى ئۆگىنىشتىن رايىم يېنىپ كەتتى. لېكىن بۇنى دادامغا دېيەلمەيتتىم. دېسەملا «جەننەتتىن چىققان كۆك تاياق» بىلەن ساغرامغا تازا سالىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. نېمە ئامال؟ «ماقۇلغا سوراق يوق» دېگەندەك، كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئىرماش - چىرماش قىلىپ بولار-بولماس يازغىنىمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەي بولمايدۇ-دە!...

بۈگۈن ئۇنىڭ يېنىغا شۇ مەقسەتتە كەلگەنىدىم. ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۆزىگە ئۆچ بولۇپ قالغىنىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ-يە، دەپمۇ ئويلىدىم. شۇنداقتىمۇ، مەندىكى ئوقۇغۇچىغا ئورتاق بولغان بىر خۇسۇسىيەت- يازغىنىمنى ئۇنىڭغا تېزراق كۆرسىتىپ، «ياخشى يېزىپسەن» دېگەن باھاسىغا ئېرىشىش- كە ئالدىراتتى. دەپتەرنى ئۇنىڭغا بېرىپ، مەن ئېرىشىدىغان باھانى كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

ئۇ، بىگىز بارمىقىنى ئاغزىغا تەگكۈزۈپ نەمدىگەندىن كېيىن، دەپتەرنى ئالدىرىماي ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نۇرى قېچىپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن گۈڭسىز كۆزلىرى قەغەز يۈزىدىكى خەتلەرگە شۇنچىلىك ئەستايىدىللىق بىلەن تىكىلىدىكى، كۆزىنىڭ قارىچۇقى ھەرپلەرنىڭ يېزىلىش يۆنىلىشىگە بېقىپ ئايلىنىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىمۇ تەڭ ئايلىنىشقا باشلىدى. مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان، پاسكىنىلىشىپ كەتكەن سۇيۇق چارساقالمۇ مىدىراپ، ھەرتەرەپكە سۈركەلگىلى تۇردى. دادامنىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ، قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا يېزىپ قويغان بۇ خەتلەرنى ئۇ خېلى ئۇزاقتا كۆرۈپ بولىدىغاندەك قىلاتتى.

مەن كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن يۆتكەپ، ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا تىكتىم: بەزى كىشىلەر بىزگە قاراپ كۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، بەزىسى بىزنى كۆرۈپلا باشقا تەرەپكە قارىۋالاتتى، يەنە بەزىسى ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ، نېمىنىدۇر دەپ، ياقىسىنى تۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. سول قولىدا كىچىككىنە بىر قىزبالىنى يېتىلەپ، ئوڭ قولىدا مورىسىگە ئېسىۋالغان سومكىسىنىڭ بېغىنى تۇتۇۋالغان چىرايلىق بىر چوكان، غەزىپىمنى خېلى بەك قوزغاپ قويدى. ئۇ، كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسى، تولغان قامىتى، بىر بالىسى بولۇشىغا قارىماي، تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىزلاردەك ئىسكەت يېغىپ تۇرغان چىرايىنى بىلەن كوچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىۋاتسىمۇ، لېكىن ماڭا قەۋەتلا سەت كۆرۈنۈپ

كەتتى. سەۋەبى: ئۇ، بىزنى كۆرۈپلا قولياغ-
لىقى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى...

مەن غەزىپىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ پۈتۈن
دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ،
بىرقانچە سېتىقچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ
قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى ئالدى، ئاندىن
بىرنەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك
يەنە بىز تەرەپكە ئەگىپ كەلدى.

ئۇ، ئالدىمىزغا كەلگەندە، قىزى نېمىشقىدۇر
قولىنى بىز تەرەپكە ئۇزاتتى. بۇ ئايال،
بالىسىنىڭ بىزگە قولىنى ئۇزاتقىنىنى ئۆزى
ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلدى بولغاي:

— قولۇڭنى چۈشەر، پاسكىنا، قۇ...خ...
بار، — دەپ تۇۋلاپ بالىسىنىڭ قولىغا بىرنى
ئۇردى.

«ماۋۇ خوتۇننىڭ ئەسكىلىكىنى كۆرۈڭ، —
دېدىم ئىچىمدە دەر غەزەپ بولۇپ، — بىز
شۇنداق «قۇ...خ...» دېگۈدەك يامان
ئادەممۇ؟» مەن دەرھال تۇرسۇن ئاكامغا
قارىدىم. ئۇ، ھېچنېمىگە دىققەت قىلمىدىمۇ
ياكى بۇنداق كەمسىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن
داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش بولغاچقا
پىسەنتىگە ئالمىدىمۇ، يەنىلا بايىقى پېتىچە
تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى، گۈدەك
قەلبىمدە ئېچىنىش تۇيغۇسى ئويغاندى.

بىردەمدىن كېيىنلا گۇناھنى يەنە تۇرسۇن
ئاكامغا ئارتقۇم كەلدى: «نېمىلا دېگەنبىلەن
گەپ تۇرسۇن ئاكامدا، توكۇر، تىلەمچى
بولغاندىن كېيىن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە
سەت كۆرۈنىدىغان گەپتە...»

ھېلىقى چوكان بىزگە قاراپمۇ قويماستىن،
ئوڭ تەرىپىمىزدىكى لازىچىنىڭ يېنىغا
كەلدى. لازىچى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئۇنىڭغا سالام قىلدى، ۋە:

— ھە، كەلسىلە، تىنچ — ئامان تۇردىلا...
ئۇلۇشكۇدىكى لازا ئاغزىلىرىدا خېلى تېتىغان
ئوخشىمامدۇ، خېنىم. مېنىڭ بۇ لازامنىڭ
تەمىنى بىر تېتىپ باققان ئادەم يېنىمدىن
ئەگىپ كېتەلمەيدۇ، دېگەن ئەمەسمۇ مەن.
ھە، يەنە قانچىلىك ئالاي دەيلا، — دېدى
خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

— ھى، ھى، ھى... ماۋۇ ئادەمنىڭ ئېشە-
ۋالغىنىنى، سىلىگە بوپ بەردىمۇ دەيمەن
ئەمدى، — دېدى چوكان ياسالما ناز بىلەن.

تۇرسۇن ئاكام كۆلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ
بېشىنى كۆتۈردى.

— ئۆزىنى داڭلىغان بىرىنچى ئەخمەق،
دەپتىكەن. مەن ئۆزۈمنى داڭلىمايمەن.
دېگەنبىلەن لازام ياخشى.

— شۇنداقكەن، بولمىسا قاشلىرىدا كېلەمە-
تۇق بىز، — دېدى چوكان قاش — كۆزىنى
ئوينىتىپ، — ئۇلۇشكۇن ئەكېلىپ بەرگەن
قەغەزدىن يەنە بىرمۇنچە تۇردۇ. مەشكە
قالاپمۇ تۈگىتەلمىگۈدەكمىز. ئەتە — ئۆگۈننىڭ
ئىچىدە يەنە ئازراق ئەكېلىپ، لازىغا
تېگىشىپ كېتەي، دەپ ئويلاپ قالدىما،
ئۇنالامدۇ؟

— ۋاي سىلىگە ئۇنىمامدىغان. ئۇلۇشكۇنمۇ
سىلىنىڭ مۇشۇ قەغەزلىرىگە لازا تېگىشىپ
بەرگەن بىزغۇ، خېنىم، — دېدى لازىچى
بىرنەچچە ۋاراق كونا قەغەزنى ئايالغا
كۆرسىتىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا، — بۇنداق
موللامچە خەت بار قەغەز بىز ئوقۇشنى
بىلمىگەندىن كېيىن بىكار تۇرۇپ قالىدۇ.
ئۇنىڭدىن كۆرە لازا يۆگىگەن ياخشى،
ھى ...ھى... ھى...

ئۇ يەنە ياسالما تەكەللۇپ بىلەن
نېمىلەرنىدۇ دەپ ئايالنى ئۇزىتىپ قويدى.
مەن تۇرسۇن ئاكامغا سەپسالدىم. ئۇ، پۈتۈن
دىققىتى بىلەن لازىچىنىڭ قولىدىكى قەغەزگە

تىكىلگەنىدى.

— توختا، بىر كۆرۈپ باقايچۇ شۇنى، — دېدى ئۇ تىۋىشقىسىزلا ۋە دەپتەرنى ماڭا بېرىپ، ئىككى قولى بىلەن يەرنى تايىنىپ، پۇتىنى سۆرىگىنىچە لازىچىنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم.

لازىچى ئۇنى كۆرۈپ سەت بىر ئالايدى-دە، باشقا ياققا قاراپ تۇرۇۋالدى.

— خاپا بولمىسىلا، ھېلىقى... ھېلىقى قەغەزنى بىر كۆرۈپ باققان بولسام، ئۇكام، — دېدى ئۇ لازىچىغا يېلىنىش ئاھاڭىدا كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ.

— سىلى بۇنى كۆرۈپ نېمە قىلىلا، — دېدى لازىچى سوغۇق تەلەپپۇزدا، — بۇنىڭدا يەيدىغان نەرسە يوق، خەت بار، خەت.

— خەت بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇكام، ئۇنداق قىلمىسىلا...

— ۋاي بۇنى كۆرسىلىمۇ بىلمەيلا سىلى، بۇنىڭدىكى خەتنى سىلى ئەمەس، مانا بىزمۇ ئوقۇيالمايمىز. موللامچە خەت بۇ، — ئۇ، قېيدىغان ھالدا بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، مەنسىتمىگەن قىياپەتتە قاراپ تۇردى.

تۇرسۇن ئاكام قولىدىكى قەغەزگە دەسلەپتە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قارىدى، كېيىن خۇددى قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىماي تىكىلدى، ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ كۆزى قولىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن قەغەزدىن لازىچىغا ئاغدۇرۇلدى. قاتتىق ئازاب تارتقان كىشى چىدام بىلەن ئۆزىگە تەسەللىي بەرگەن ۋاقىتتا ئېغىر «ئۇھ» تارتقىنىغا ئوخشاش، ئۇ، چوڭ - چوڭ تىنىشقا باشلىدى. بۇرنىنىڭ تۆشۈكى ئەسلىدىكىدىن يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي بىردە ئۇنىڭغا، بىردە لازىچىغا قارىدىم. لازىچىمۇ تۇرسۇن ئاكامنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران بولغان ھالدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بۇ ئىككىلەننىڭ كۆزى بىر - بىرىگە تىكىلىپ، قەلب دۇنياسىنىڭ كۆزدىكى ئىپادىلىرىدىن مەنە ئىزدەۋاتاتتى.

مەن يەنىلا ھاڭۋاققىنىمچە بۇ ئىككىلەننىڭ كۆزىگە، ئىنكاسى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى جۈپ كۆزگە قاراپ تۇردۇم: بىرى، يېلىنىش، بىچارىلىك چىقىپ تۇرغان ۋە ياشاڭغىراپ كەتكەن ئاجىز كۆز... يەنە بىرى، تەكەببۇرلۇق، كەمسىتىش، ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان، شۇنىڭدەك ئەجەبلەنگەن كۆز...

تۇرسۇن ئاكام لازىچىنىڭ تەكەببۇرلارچە تىكىلگەن كۆزىگە قاراۋېرىشكە پېتىنالماي، قولىدىكى قەغەزگە قاراۋالدى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

بىر ھازادىن كېيىن تۇرسۇن ئاكام قورۇنغان ھالدا تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە لازىچىغا قارىدى. لازىچى يېيىلىپ كەتكەن لازىلارنى ئۆرۈدەپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئالدىدىكى كۆرۈمسىز، ئاشۇ ئەخلەتتەكلا يىرگىنىشلىك بۇ ئادەمنىڭ تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇشىنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىغانىدى.

— ئۇكام... مۇشۇنداق خەت بار قەغەزدىن يەنە بارمۇ؟ — دېدى تۇرسۇن ئاكام مىڭ تەسلىكتە.

— بار! — لازىچى قاراپمۇ قويماستىن قوپاللا جاۋاب بەردى.

تۇرسۇن ئاكام نېمىشقىدۇر بىر نەچچىنى ئىنجىقلاپ قويدى ۋە گېلىنى يېنىك قىرىپ:

— خۇدانىڭ كۆزى كۆرەر... ساۋابلىق ئۈچۈن... خاپا بولماي، شۇنداق خەت بار

قەغەزلەرنى ماڭا بەرگەن بولسىلا، — دېدى لازىچىنىڭ يېنىغا يەنە ئازراق ئۈمىلەپ بېرىپ، بويىنىنى قىسقان هالدا.

— نېمە؟! ماڭا بەرسىلە؟ سىلى تىلىمىگەن لازا يۆگەپ ساتىدىغان قەغەزلىرىدىمۇ قالمىدىما ئەمدى. كۆرۈڭ ماۋۇ تاماشانى، — لازىچى تېرىكىپ قايناپلا كەتتى، — كۆچۈككۈم - كۆچۈككۈم دېسە، كۆچۈككۈم بىر نېمىسىنى كۆرسىتىپتۇ، دەپ، ھە... يەنە نېمە بار تىلەيدىغان. قانداق قاملاشمىغان ...

تۇرسۇن ئاكام لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئۇ، لازىچىنىڭ مۇزدەك چىرايىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، يەرگە قارىغىنىچە ئاغزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئۈمەللەپ ئولتۇراتتى. ئۇ، مۇشۇنداق ئاجىز - بىقۇۋۇل بولۇپ قالغىنىغا ئېچىنىۋاتىدىغاندۇ ياكى بولمىسا لازىچىدىن ئىنساب تىلەۋاتىدىغاندۇ... تۇرسۇن ئاكامنىڭ بۇ قىلىقىغا ئاچچىقىم كەلدى: مۇشۇنداق ئەرزىمەس قەغەزنى دەپ خەقنىڭ قاتتىق - يىرىك گېپىنى ئاڭلاپ نېمىمۇ قىلار. ئۆزىنىڭ ئەپتىگە بېقىپ ئىش قىلسىچۇ...

— ھەي ئاكا، — دېدى لازىچى سەل تۇرۇۋېلىپ، — بۇنى سىلىگە بەرسەممۇ ئوقۇيالمايلا. بۇ قەغەزنى دەپ بۇ يەردە تۇرغىچە، ئورۇنلىرىدا بېرىپ ئولتۇرسىلا، بىر نەچچە پارچە ناندىن قۇرۇق قالمىلا يىكار.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئۇكام، — دېدى تۇرسۇن ئاكام تىترەك ئاۋازدا، — ئۇششاق باللىرى باردۇ، ساۋاب بولار.

— تىلىگەن نەرسىنى بەرمىگەنگە باللىرىنى شېپى كەلتۈرمىسىلە، ئاكاۋۇ... — ئۇ سۆزلىگەچ نۇرغۇن قەغەزلەر ئارىسىدىن «غەلىتە خەت» يېزىلغان قەغەزلەرنى تاللاپ ئالدى، — مانا بۇ ئۇن ۋاراق قەغەزكەن.

بۇنى سىلىگە بەرگىچە، ئۇن ئادەمگە ئۇن موچەنلىك لازا يۆگەپ ساتىمەن.

تۇرسۇن ئاكام تېخىمۇ بىچارە هالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ، لازىچىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ئاستا تارتتى:

— مانا، ئۇن موچەننى مەن بېرەي... مەن بېرەي ... — ئۇ، ئۇن موچەن ئەمەس، ئىككى موچەننىڭ يوقلۇقىدىن ئەتىگەندىن بېرى ئاچ قورساق ئولتۇرغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، تۆۋى ئۆرۈلۈپ ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن يانچۇقلىرىنى بىر - بىرلەپ، تەپسىلىي ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن يانچۇقىدىن هېچنىمە تېپىلمىدى. ئۇ، ئۇمچەيگەن هالدا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى.

— سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇكام... پۇلىنى چوقۇم بېرىمەن...

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك تىترەك ۋە بوش چىققىنكى، ئۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتى. مەن هازىرغا قەدەر، ياشانغان كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق، بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن. ئۇنىڭ بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئۇياتچان كۆزلىرى لازىچىغا ئاغدۇرۇلدى. لازىچى ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ۋە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن سەل تەسىرلەنگەندى بولغاي، بايامقى ئەپتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك سەل بوشاپ:

— ئەستاغپۇرۇللا... بۇ قەغەزنى بېرەي مەن ئاكا، ئوقۇيالامسىلا نېمە قىلالا بۇنى؟ موللامچە خەت ئىكەنلىكىگە قاراپلا ساقلاپ قوياي دېدىلىمۇ - ھە؟ - دېدى.

— ياق، ئۇكام، مەن ئوقۇيالايمەن.

— ۋاي نېمە دەيدىغانلا ھوي، — دېدى

لازىچى بۇرۇتىنى ھېمىرىپ قويۇپ، — سىلىنى خەت تونۇمايدۇ، دەپ يۈرۈيمەنغۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ، بىزچە خەت بولمىسا ...

ئەمەلىيەتتە، لازىچىنىڭ بايامقى ھەيرانلىقى بىردىنلا قىزىقىشقا ئالماشتى. ئۇ، تۇرسۇن ئاكامغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، ھېلىقى قەغەزگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ھەر ئىككىيلەننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ئاز- تولا يوقالغانىدى: تۇرسۇن ئاكام خېلى ئۈمىدلەنگەندەك قىلاتتى.

— بۇ، موللامچە خەت ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ خېتى، ئۇكام، ئۆزىمىزنىڭ. سىلى دېگەن موللامچە خەتنىڭ ساكىن، زىر، زەبەرلىرى بولىدىغۇ، بۇنىڭ بولمىسا مانا؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى زەئىپ بولۇشىغا قارىماي شۇنچە سىلىق چىقىۋاتاتتى.

— مەنمۇغۇ بۇنىڭ موللامچە خەت ئىكەنلىكىگە تازا ئىشىنىپ كېتەلمىگەن، — دېدى لازىچى بايىقى گېپىدىن يېنىپ، — موللامچە خەتنىڭ سىلى دېگەندەك، قاشىن، ساكىنلىرى بولىدىغان... ئۆزىمىزنىڭ خېتىمۇ سەل- پەل ئوخشاپراق تۇرىدۇ. لېكىن شۇنچە ھەجىلەپ باقسامىمۇ ئوقۇيالمايۋاتىمەن، شۇنىڭغا قاراپ ...

— ھەئە، ھازىرقى خېتىمىزگە دېگەندەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

ھەر ئىككىيلەن بىردىنلا شۈكلەپ كەتتى. لازىچى بايىقى قوپاللىقىدىن خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ، گەپ- سۆزسىزلا، قەغەزدىن لازا خالتىسى ياساپ ئولتۇراتتى. تۇرسۇن ئاكام ئاغزىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆمەللەپ باقتىيۇ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇ، غەيرەتلەنگەندەك، لازىچىغا يېقىن كەلدى.

— خاپا بولمىسىلا، شۇنداق قىلامىلا ئۇكام؟ — ئۇ، ئاجىز ئەمما ئۈمىدلىك كۆزىنى لازىچىنىڭ چۈشىنىكسىز، يوغان كۆزلىرىگە تىكتى.

— قارىغاندا، شۇنچە قىزىق گەپلەر بار ئوخشايدۇ- ھە، ئاكا، بۇنىڭدا؟ — لازىچى ئالدىرىماي سورىدى. ئۇ، خېلىلا يېزىشىپ قالغانىدى.

— باركەن... ناھايىتى مۇھىم گەپ باركەن، ئۇكام، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى تۇرسۇن ئاكام.

سەپرايىم ئۆرلەپلا كەتتى. «ھۇ... جازانىخور سېتىقچىلار، — دېدىم ئىچىمدە، — تۇرسۇن ئاكام شۇنچە كۈچۈكلىنىپ كەتتى. بەرگىسى بولسا شاق- شۇق بېرىۋاتىماي، يەنە ئۇششاق بالىنى گەپكە سالغاندەك تولا گەپ سوراۋاتقىنىنى ... مۇشۇ تۇرسۇن ئاكامنىزە ... خەقمۇ شۇڭا تالايدىكەن، نېمە قىلىدۇ سېسىق قەغەزلەرنى تالىشىپ...»

— ئۇنىڭدا، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ گېپى بارمۇ نېمە؟ — بىردەمدىن كېيىن گۇمان بىلەنراق يەنە سورىدى لازىچى.

— شۇنداق، ئۇكام، شۇنداق ...

— ۋاي نېمە دېدىلە؟... مەن... مەن... موللامچە خەت بىلەن يېزىلغان ئۇششاق گەپلەرمىكىن، دەپتىمەن تېخى. خۇدا... مېنى كۆپۈرلۈقتىن ساقلىغايسەن، — ئۇنىڭ خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان چىرايى تۇساتتىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇ، ئۆز ئېتىقادىنىڭ غايىبانە كۈچىدىن قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ، بۇ قورقۇنچنى گويا تۇرسۇن ئاكاملا يوق قىلالايدىغاندەك، ئۇنىڭغا تەلمۈردى.

«ھىم... تۈرۈكچە ئەمەدى» مەن ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك قاراپ قويدۇم. تۇرسۇن ئاكام ئۇنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، گەپ قىستۇردى:

www.uyghurkitap.com

— ئەكەلسىلە قېنى، ھەممىنى كۆرۈپ باقاي، — ئۇ، ھېلىقى قەغەزلەرنى قولىغا ئېلىپ، بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، داۋاملاشتۇردى، — تولۇق ئەمەسكەن — دە، لازا يۆگەپ بولدىلىمۇ — يا؟

— ياق، ... ئەزبىرايى خۇدا ... خۇدا ئۆزى گۇۋاھ. مەن تېخى بۇنىڭغا لازا يۆگىگۈچى بولمىدىم، — لازىچى جىددىيلىشىپ كەتتى.

— مەن، بايا بىر ۋارىقىنى كۆرۈپلا، بۇ قىممەتلىك قولىيازمىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم. پەرەز قىلغىنىمدىنمۇ قىممەتلىك قولىيازمىكەن. قارا، يۈسۈپجان، بۇ قانچىلىك قىممەتلىك ئەسەر، بىلەمسەن؟

ئۇ، ماڭا قارىدى. مەن «بىلمەيمەن» دېيىشىمنىڭ ئورنىغا بېشىمنى چايقاپ قويدۇم.

— بۇنىمۇ سۆزلەپ بېرەي ساڭا ... — ئۇ گەپ قىلالماي قالدى.

— بولدى، ھېلىقىدەك يانچۇقلىرىنى كولاپ يۈرمىسىلە... بىز، قانداق خەت ئەكەلگەنلىكىنى بىلمىگەندىن كېيىن ھەر نېمە دەيدىكەنمىز... بۇنى سىلىگىلا بېرىۋېتەي، ئۆزلىرى ساقلىسىلا، ئاكا، — نېمىشقىدۇر لازىچىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

— رەھمەت، رەھمەت ئۇكام... ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن، — ئۇ، لازىچىغا سەجدە قىلىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. يۈكۈنەلەيدىغان ئىككى پۇتىنىڭ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئولتۇرۇشى ئىخلاس بىلەن سەجدە قىلىۋاتقان نامازخانغا ئوخشايتتى. مەن «خەتكە ئامراق» بۇ ئادەمنىڭ بۇنچىلىك قىلىپ كەتكىنىدىن ھەيران قالدىم.

ئۇ، لازىچىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، تىترەك ئاۋازدا يەنە بىر نەچچە قېتىم رەھمەت ئېيتتى. لازىچى خىجالەت ئىچىدە بېشىنى قاشلاپ تۇراتتى.

— رەھمەت، سىلىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت دېسەممۇ كەملىك قىلىدۇ، ئۇكام، — ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانچە پەسلەپ، ئىككىمىز ئاران ئاڭلىغۇدەكلا چىقىۋاتاتتى، — سىلىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولۇۋاتىمەن. سىلى نېمىلا بولمىسۇن لەۋزىمنى يەردە قويمىدىلا... سىلىگە مەلۇم، مېنى «توكۇر، تىلەمچى» دەپ ھېچكىشى كۆزگە ئىلمايدۇ، مەن ئولتۇرغان ئاۋۇ يەردىكى ئەخلەتچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ، ھەتتا كىتاب ئوقۇغىنىمنى كۆرسىمۇ يەيدىغاندەك چەكچىيىپ قارىشىدۇ... توكۇر، تىلەمچىلەر كىتاب ئوقۇماسلىقى، ساقلىماسلىقى كېرەككەنمىكەن؟... توكۇر دېسۇن، خاھى تىلەمچى دېسۇن مەنمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئەھۋالىمنى مانا ماۋۇ بالىمىز يۈسۈپجاننىڭ دادىسى ئوبدان بىلىدۇ. مەن توكۇرلۇق، تىلەمچىلىكنى خۇدادىن تىلىۋالغان ئەمەس. مېنىڭمۇ تىجارەت قىلىپ، باياشات ياشىغان ۋاقتىم بولغان. بىر چاغلاردا مانا مۇشۇنداق قولىيازما، كىتابلارنى يوشۇرۇپ قويغىنىم، سۈيلەپ كەلسە «بەرمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالغىنىم ئۈچۈن ئىككى پۇتۇم چېقىلغان... كېيىن ... كېيىن... دوختۇرلار «ساقايمايدۇ» دەپ كېسىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ بالىلىرىمنىڭ يوقلۇقىدا ھەر تەرەپتە سەرسان بولۇپ ئۆمىلەپ يۈردۈم. ئىككى پۇتۇم ساق ۋاقتىمدا بۇ بالىمىزنىڭ دادىسى «ئايالىڭىز ئۆلۈپ كەتتى، تاماق ئېتىپ يېيەلمەيسىز» دەپ ياغلىق — تۇرۇم تاماقلاردىن ئەكىرىپ تۇرىدىغان. خۇداغا شۈكرى، ھېلىغىچە ئۇنتۇپ قالمىدى... مەن ئىككى پۇتۇمدىن ئايرىلىپ قالارمەن، خەقلەر

بەرگەن سەدىقىگە تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان تىلەمچى بولۇپ قالارمەن، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. بەزىدە خەقلەرنىڭ قاتتىق - يىرىك گېپىدىن نومۇس قىلىپ، بىراقىلا ئۆلۈپلا تۈگىشەي، دەپمۇ ئويلايمەن. ھەي... يەنىلا بۇ جان تاتلىقكەن، كۆڭۈلنىڭ سىرىقىنى كۆرۈش ئۈمىدى بۇنىڭغا يول قويمايدىكەن... راست، مەن تېنىۋالالمايمەن، مەن تىلەمچى ... مەن دا پېيۇز دىۋانە!...

ئۇ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياشلار تۈك باسقان يۈزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشۈپ چىگىشلىشىپ كەتكەن ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. لازىچى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەرد - ئەلەم چۇلغىۋالغان كىشىلەردەك مۆڭلانغىنىچە، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ خۇددى بىر مۆجىزە كۆرگەندەك، ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەكرەك تىكىلىپ قارىدىم: بىر پەس سۈكۈناتتىن كېيىن تۇرسۇن ئاكام يەنە ئېغىز ئاچتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىنى توختىتىپ سۆزلىگەن كىشىلەرنىڭ ئاۋازىدەك خېلى ئايانچىلىق چىقىۋاتاتتى.

— ھە، ئېيتماقچى، ئابايىقى چوكان مۇشۇ قەغەزدىن يەنە بار، دېگەندەك قىلدىما؟

— ھەئە، بار، - دېدى.

— ئۇنداقتا مەن بېرىپ باقاي، - ئۇ، قولىدىكى قەغەزلەرنى چىرايلىق قاتلاپ، خۇددى مېھرىبان ئانىنىڭ ئوماق بالىسىنى يۇمشاق يۆگەككە ئاۋايلاپ يۆگىگىنىگە ئوخشاش يۆگەپ، قويۇن يانچۇقىغا ئاستا تىقتى ۋە، - سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، يۇسۇپچان، - دېدى ماڭا قاراپ.

— بارمىسىلا، ئاكا، - دېدى لازىچى ئۇنى توسۇپ، - ئۇ چوكان بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە مۇشۇنداق قەغەزلەرنى لازىغا تېگىشكىلى ئېلىپ كېلىمەكچى، شۇ چاغدا ھەممىنى سىلىگە بېرەي.

— شۇ دېگەنلىرىگە رەھمەت ئۇكام، شۇنداقتىمۇ ئىزدەپ - سوراپ بېرىپ باقاي.

— ئۇ چوكانمۇ تېخى كەتمەپتۇ. ئەنە ئاۋۇ لەڭپۇڭچىنىڭ ئالدىدا بىرسى بىلەن گەپلىشىپ تۇرىدۇ، - دېدى لازىچى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— ھە، ئوبدان، ئوبدان... ئارقىسىدىنلا بېرىپ باقاي ئەمىسە، ئۇكام.

لازىچى ئۇنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇ، ئىككى قولىنى يەرگە مەھكەم تىرەپ، ئاجىز پۇتىنى سۆرىگىنىچە ئۆمىلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردەك ھەرىكەت بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېقىن ئەتراپتىكى بەزى بەتقىلىق بالىلار سەتلا چۇرقىراشتى:

— ماۋۇ قېرى تىلەمچى پاقىغىلا ئوخشايدىكەن، پاقىغا!

— ئاۋۇ سەتەڭ خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىۋالغىنىنى قاراڭلار!

— ھاي توكۇر، بۇ چوكاننىڭ ئېرى بار جۇمۇ!

— ......

يەنە بىر مۇنچە ھاقارەتلىك سۆزلەر ئېنىق ئاڭلاندى. ھەممە كىشى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بۇ سۆزلەرگە ۋە مۇشۇ ھاقارەتلەرنىڭ ئوبيېكتى بولغان تۇرسۇن ئاكامغا دىققەت قىلىشقىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. پەقەت لازىچى بىلەن ئىككىمىزلا زۇۋان سۈرمەي، ئورنىمىزدا قېتىپ قالغاندەك تۇراتتۇق. لازىچى يەنىلا ئۆمىلەپ

كېتىۋاتقان تۇرسۇن ئاكامغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى.

مەنمۇ پاقىچىلاپ كېتىۋاتقان تۇرسۇن ئاكامدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم: ئۇ، ئەمدىلا ئۆمىلەشنى ئۆگەنگەن بوۋاق باللارغا ئوخشاش يەر بېغىرلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ھەر قېتىم تىزىنى يۆتكىگەنىدە يەرگە تايىنىپ تۇرغان ئىككى قولى سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان پۇتىغا ئورۇن بوشىتىپ، ئالدىغا ئىنتىلەتتى. كۈچسىز بىلەكلىرى ئۇزۇندىن يوغان تەننى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ تۇراتتى. كەڭ ئېچىلغان بارمىقى بىردە شېغىل - تاشلارنىڭ، بىردە كۆكتات شۆپۈكىنىڭ، يەنە بىردە تېزەكلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىناتتى. ئەنە، ئۇ توختىدى. ئۇ، بىر قولىدا يەرگە تايىنىپ، يەنە بىر قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتتى. ئاھ!.. ئۇ، ھېرىپتۇ...

مەن ئۇزۇندىن بۇيان سەسكىنىپ كېلىۋاتقان بۇ تىلەمچىگە ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن چىقىۋاتقان باللىق مېھرىم بىلەن تىكىلدىم. شۇئان كۆز چاناقلىرىمدىن ئىختىيارسىز ھالدا تېشىپ چىققان ئىسسىق ياش مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. ئەمدى زادىلا چىدىيالمىدىم. مەن: «تۇرسۇن ئاكا!!...» دەپ توۋلىغىنىمچە بوغچامنىمۇ، تېخىچە ئېسىمگە كېلەلمەي ئاغزىنى ئاچقىنىمچە تۇرۇپ قالغان لازىچىنىمۇ قارىماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بوراندەك تېزلىكتە يۈگۈردۈم...

× × ×

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئەسلىدە شۇ كۈندىكى ئىشلارنى ئويلىغان ئىكەنمەن.

ھېلىقى تەجرىبە تۈگەپ، باشقا تەجرىبە باشلانغانىدى. مەن ئەمدى زېھنىمنى چاچماي ئولتۇرۇشقا نىيەت قىلدىم.

قايسى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى تەلەپ قىلىدىكىن، بىر ھازادىن كېيىن «ساپ سۇ ئايرىش ئۈتكىلى» يەنە ئىشلەنىدى. مەن ئۆزۈممۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. چۈنكى بۈگۈن «يۇندا»نىڭ قانداق تازىلىنىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدىم. مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرىمەن. پروبىركىدىكى سۇ بولسا يەنىلا بوش تەۋرىنىپ تۇراتتى... ئازراق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن پروبىركىدىكى سۇ بىلەن ھېلىقى تونۇش چىراي توختىماي ئالمىشىپ تۇرغاندەك بىلىنىدى. سەللا دىققەت قىلمىسام، خىيال پاتقىقىغا پېتىپ قالىدىغانلىقىم «مانا مەن» دەپ چىقىپلا تۇراتتى. دىققىتىمنى يىغىش ئۈچۈن لېۋىمنى ئاغرىغىدەك چىشلەپ ئولتۇردۇم. خېلىدىن بېرى دىققىتىمنى ئوغرىلاپ قېچىۋاتقان ھېلىقى چىراي ئەمدى كۆرۈنمەي قالدى، كۆرۈۋاتقىنىم پەقەت پروبىركىدىكى بىر نەچچە تامچا سۇلا بولدى: ئۇ، تېخىچە ھېلىلا مەينەت سۇ تامچىسى ئىدى، شۇنداق، كۆرۈمسىز تامچا ئىدى...

مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي، تېخىمۇ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم. ئۇ، ئىلېكتر چىرىغىنىڭ كۈچلۈك نۇرى ئاستىدا بوش تەۋرىنىپ، ئۆزىنىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە ئەبەدىي پاكلىقى بىلەن مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى...

1987 - يىل دېكابىر، ئاقسۇ






(فېلىيەتون)

ھېزىم قاسىم

تالاغا چىققان كۆزى ئوچۇقلىكى كىشى ئەڭ ئالدى بىلەن كوچىلاردا ئالدىراش كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ۋە يولۇچىلارنى، رەستە ۋە ماگىزىنلاردا ئېلىم - سېتىم قىلىۋاتقان تىجارەتچى ۋە خېرىدارلارنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان سورۇننىڭ قەيەر، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ كىم ۋە قايسى دەرىجىلىك كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھېچقىش، «ھۆرمەت» دېگەن گەپلەرنى نېرى قويۇپ تۈكۈرگىسى كەلەگىلىنى قىرىپ ياكى بولۇشىچە ئىچىگە دەم تارتىپ كۆچەپ تۈكۈرۈۋاتقانلىقى، ياكى بۇرنى ئۈزۈلۈپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە چىڭقىلىپ بۇرنىنى قېقىۋاتقانلىقىنى، قولىنى سىلكىپ بىر نېمىلەرنى ئەتراپقا چاچرىتىۋاتقانلىقىنى



ماگدامىدا بىر كۆرەلەيدۇ. «ئەدەبىگە لايىق كەلمىگەنگە نەزەر سالما» دېگەندەك ھەر قايسىمىز «نەزەر سالماسلىق» لازىم بولغان بۇ ئىشنىڭ ھەر قايسىمىزغا ئادەت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كىممۇ ئۈستىگە ئالسۇن؟ بىز بۇ «ئادەت»نىڭ ھەر قايسىمىز ئۆز ئارا كۆرۈشكەندە دېيىشىدىغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ياكى «ياخشىمۇسىز» دېگەندەك سۆزلىرىمىزنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، كوچا، رەستە، ماگىزىنلاردىلا ئەمەس، بەلكى ھەشەمەتلىك رېستوران، ئايرودروم، ۋوگزاللار، چوڭ - كىچىك زىياپەتلەر، كىنو، تىياتىرخانىلار... دېمەك تونۇش ياكى ناتونۇش ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇل، يان ياكى ئارقا تەرەپلىرىدىن ئۆتكەندە «سەت بولار»، «كۆڭلىگە كېلىپ قالار» دېمەي، بۇ «ئادەت»نى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كۆرۈشۈش سوۋغىسى سۈپىتىدە شۇ كىشىگە «مەدھىيە» قىلىۋاتقانلىقىغا «نەزەرىمىز سېلىنىپ» قالىدۇ. بولۇپمۇ شەھىرىمىزگە سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرىپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇسقا دەسسەپ قالغان ياكى يازدا يەل - يېمىش، سەي - كۆكتات تۆكمە بولغان چاغلاردا بۇ «مۇبارەك» «ئادەت» لەر تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ.

قايسىبىر كۈنى ئەتىگىنى قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرىدا مەن بۇ «ئادەت»نىڭ قۇياش نۇرى ئاستىدىكى «گۈزەل» مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ باقتىم. كىشىلەرنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن ھەر خىل ئاۋاز ۋە ھەجىمدە ئالمۇئالماس ئېتىلىپ چىقىپ، موللاق ئېتىپ كېلىپ، نەلەرگىدۇر چاپلىشىپ تېلىۋاتقان بىر نېمىلەر گۈللۈكلەردە، پەلەداپ ئۇچۇپ يۈرگەن ھېسابسىز كېپىنەكلەرنى ئەسلىتەتتى. ئالدى تەرىپىمدىلا ياندىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەننىڭ تامىقىغا چاپلىشىپ قالغان بۇ بىر نېمە شۇ مەيداندا ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولغان بىر ماجىراغىمۇ سەۋەبچى بولۇپ قالدى. بۇرنىدىكى بىر نەرسىنى سىرىپ ئېلىپ، يانتۇ سىلكىنگەن بىر قول بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تۇمشۇقى ئاستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندەكمۇ قىلدى. پەلتوسىنىڭ كەينى پېشىگە بۇ نەرسىنى نەدىدۇر چاپلاشتۇرۇۋالغان بىرەيلەن ئالدىمىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قېقىلغان بۇرنىدىكى بىر نەرسىنى بىر تۈپ دەرەخكە يۆگەشتۈرۈۋاتقاندا، «ئەدەبىگە لايىق كەلمىگەن» بۇ ئىشقا «نەزەر سالغان» بىر سېرىق چاچ، كۆك كۆزلۈك كىشى ھېلىقى دەرەختىكى ئاپئاق قولدىن كۆپكۆك كۆزلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جىسمىنى چەتكە ئالغاندەك قىلدى. ياھ، ياھ، نېمە دېگەن قىزىقچىلىق ھە؟ داڭلىق سېرىك نومۇرلىرىدا مۇشۇنداق قىزىق بولۇشى مۇمكىن. شۇ كۈنى ئۆيگە كېلىپ قارىسام شۇنچە پىنھان جايدا «تاماشا» كۆردۈم، دېسەمۇ، ئۆزۈمنىڭ پاشىنىسىنىڭ يۇقىرىراق تەرىپىدە، چاپىنىمنىڭ ئالدى پېشىنىڭ كەينىدە كېۋەز غوزىسىدىن چاغراق بولغان بىر نەرسە شىيىندەك قېتىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئويلىسام، قايسىبىر يولۇچى ماڭىمۇ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ «سالام قىلغانىكەن»، ئەپسۇسكى مەن ئۇ كىشىنىڭ «سالامى»نى ئىلىك ئالماي قويۇپتىمەن، بەللى!

قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ھېلىقى «كېپىنەك»لەرنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت مۇراسىملاردا گۈل چاچقۇسى چاچىدىغان ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى. ھەممىمىز بىلگەندەك، مۇراسىملاردا چاچىدىغان چاچقۇنى «گۈل چاچقۇسى» دېسەك، كوچا - كويلاردا چېچىلىدىغان ھېلىقى «چاچقۇ»لارنى «كوچا چاچقۇسى» دېسەكمۇ بولىدۇ. پەمىمچە، «كوچا چاچقۇ»لىرى پەقەت ئىككى خىللا بولىدىكەن: بىرى، «ئېغىز چاچقۇسى»، بىرى، «بۇرۇن

چاچقۇسى». سىز بۇ «چاچقۇ»لارنىڭ ناتورال سانلار قاتارىدىكى «ئىككى» دېگەن تەڭ ئاددىي، ئەڭ ئاز رەقەم بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقىغا قاراپ ھەرگىز ئۇنى بوش چاغلىماڭ. سىز «بوش» چاغلىغان بۇ «كوچا چاچقۇ»لىرى رەڭ - تۈس جەھەتتە ھېلىقى قەغەز گۈل چاچقۇلىرىدەك رەڭدار بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسىدىن ئالغاندا، ھەر قايسىمىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ شەھەر «كوچا چاچقۇسى» چېچىشتا خېلىلا يۇقىرى تۇرىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئىشەنمىسىڭىز، سىز مۇشۇ ماقالىنى ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا ئەتراپىڭىزغا ياكى كوچىغا چىقىپ سەپسېلىپ بېقىڭ. ئىشخانا كارىدورلىرى، پەلەمپەيلەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرى، كوچىدىكى پىيادىلەر يولى... دا سۇرۇلۇپ يۈرگەن، قېتىپ قالغان «كوچا چاچقۇ»لىرىنىڭ كىچىكرەكلىرى ئاق ئەتىر گۈلىنىڭ غۇنچىسى چوڭلۇقىدا بولسا، بەزىلىرىنىڭ دىئامېتىرى يېرىم ئىنگلىز چىسىغا يەتمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭدىن چاغ كەلمەيدۇ.

بىئولوگلار ئورگانىڭ جىسىم بولغان ھەر قايسىمىزنىڭ بىئولوگىك ۋە پسىخولوگىك جەريانلىرىمىزنى تەتقىق قىلغاندا، كۆپىنچە، ئىرسىيەتلىك ھالەت ۋە قان سىستېمىسىغا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ، راست گەپتۇ، دەپ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ھەر قايسىمىز تۇرۇۋاتقان ھەر قايسى ئورۇنلاردا ئالا بولغان ئۆرۈكنى كۆرۈپ، ھەممە ئۆرۈك بىر كېچىدىلا ئالا بولۇپ كەتكەندەك، دەھشەتلىك يوسۇندا ئومۇملىشىپ كېتىۋاتقان «مۇبارەك» ئادەتنىڭ ئىرسىيەتلىك ھالىتىنى قېدىرىپ باقتىم: ئاتا - بوۋىمىز بولغان ھونلار تارىخىغا دائىر كىتابلارغا قاراپ باقسام، ئۇ چاغدىكى شەھەرلەر بۈگۈنكىدەك ئاۋات ھەم ھەشەمەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ «كوچا چاچقۇسى»غا دائىر مەلۇماتلارغا ئىگە بولالمىدىم. قاراخانىلار ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە دائىر كىتابلاردىمۇ رەھمەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەن ياكى ئالدى - كەينىدىن ئۆتكەن، ئوڭ - سولىدا ئولتۇرغىنىدا ئېغىز ۋە بۇرۇن «چاچقۇ»لىرىنى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، كىشىنىڭ «زوقى»نى كەلتۈرگەنلىكىگە دائىر يازما ماتېرىياللارنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىلزادىلەردىن بولغانلىقىدىنمىكىنتاڭ، شۇ چاغدىكى «ئەدەبىي كىتاب لاردىمۇ «تۈفى» دېگەن سۆزلەرنى مەن ئوقىغان كىتابلاردىن ئۇچراتقىلى بولمىدى. بۇنىڭدىن «ئەجدادىمىزنىڭ مۇنداق «مۇبارەك» ئادەتلىرى يوق ئىكەن» دېيەلمەيمىز، لېكىن ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تولىمۇ دىيانەتلىك، «ئەدەبكە لايىق كەلمىگەن»نى قىلمايدىغان، پەدىشەپلىك ئىكەنلىكىنى، «ئەدەبكە لايىق كەلمىگەن» بۇ ئىشنى بەكلا قىلغۇسى كېلىپ كەتكەندىمۇ ئۆپچۆرىسىگە قاراپ، ئېغىز - بۇرنىنى جايلاشتۇرغان كاللىسى ۋە كاللىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئورگانىڭ جىسمىنى ئادەمىزات كۆرمەيدىغانراق پىنھان جايغا تارتىپ قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. ئۇنداقتا، بىزنىڭ بۇ «مۇبارەك» ئادىتىمىز ئىرسىيەتلىك ھالەتنىڭ ئاتوم دەۋرى بەخش ئەتكەن «زامانىۋىلىشىشى» بولۇپ قالمىدۇ، بەللى!

قان سىستېمىسى توغرىسىدا ھېچقانچە بىر نەرسە بىلمەيمەن. ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا تەرەپلەردىكى تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەر بىلەن قانچىلىك قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بارلىقىنىمۇ ئانچە بىلىپ كېتەلمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئۆزۈم كۆرگەن كىنولاردىكى شەھەر ۋە ئادەمىزاتلىرىنى ئېلىپ ئېيتسام، ئۇلار تۇرغان شەھەرلەر بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىنمۇ ئاۋات، ئادەمىزاتلىرى بىزنىڭكىدەك غول بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ھەر قايسىمىزدەك ئاۋات شەھەرنىڭ كېلىشكەلمەس سورۇنلىرىدا ۋۇجۇدى كۆتۈرۈپ تۇرغان كاللىسىنى خالىغان يەرگە ئېگىشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«چاچقۇ» چېچىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. بەك بولالمىغاندا يانچۇقىدا زاپاس ئېلىپ يۈرىيدىغان قولياغلىقى بىلەن يەم ئىشلىتىپ بىر نېمە قىلمىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلار كۆرۈشكەندىمۇ«ياخشىمۇ سىز»دەپ زوۋان چىقىرىپ ياكى شلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ سالام-سەھەت قىلىشىدىكەن. ھەرگىز ھەر قايسىمىزدەك 50 كىلوگىراملىق يۈكنى ئون مېتىر ئېگىزلىككە ئېتىپ چىقىرىش ئۈچۈن سەرپ بولىدىغان قىممەتلىك ئېنېرگىيىسىنى گال قىرىش ۋە بۇرۇن قېقىشقا زايا قىلىپ، شۇ كۈچ ئېتىپ چىقارغان ئېغىز ۋە بۇرۇن«چاچقۇ»لىرىنى«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دەپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋە ياكى ئالدىدىن ئۇدۇل كېلىۋاتقان كىشىگە سالام-سەھەت قىلىش«سوۋغىسى» سۈپىتىدە ھەدىيە قىلمايدىكەن.

بىز ھەممىمىز ئاتىلىشتا، ئومۇمەن، ئادىمىزات دەپ ئاتىلىمىز، ئەمما، ھەر قايسىمىزنىڭ ئەزان چىللاپ قويغان ئىسىم-فامىلىمىز بولغاندەك،«كوچا چاچقۇ»لىرىنىڭمۇ خىلمۇ - خىل ناملىرى بولىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئەڭ «زوقىنى قوزغىتىدىغان» ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن «رېستوران چاچقۇسى» ۋە«ماگىزىن چاچقۇسى»توغرىسىدىلا سۆزلەپ بېرەي. رېستوران، ئەلۋەتتە، كوچا ئەمەس. ئەمما، رېستوراندا«كوچا چاچقۇسى»نىڭ ھەر ئىككىلا خىلى - ئېغىز ۋە بۇرۇن«چاچقۇ»لىرىنى چېچىپ، بەخىرامان ئولتۇرۇپ مەززە قىلىپ غىزالىنىۋاتقان ئادىمىزاتلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. راسا ئىشتەي بىلەن غىزالىنىۋاتقىنىڭىزدا ھېلىقى ئېسىلزادە«ئادىمىزات»غوجام ئېغىز ۋە بۇرۇن«چاچقۇ»لىرىنى يەڭگۈشلەپ چاچقىلى تۇرسا، سالماقلىق«چاچقۇلار» ھېزى بولمىسىڭىز ئۆتۈك ۋە تامباللىرىڭىزنى بېزەپ قىلىۋېتىشى، مۇبارەك قوللىرىنى سىلكىگەندە قاچىڭىزنىڭ ئۈستىدىن كەپتەردەك مولىلاق ئېتىپ ئۆتۈپ كېتىشى، «ھېرىپ»قالغانلىرى ھەتتا قاچىڭىزغا«چولتۇككىدا»چۈشۈپ كېتىشىمۇ تۇرغان گەپ. مۇنداق چاغلاردا يەۋاتقان غىزايىڭىز ھارام بولماي قالمايدۇ. نېمىمۇ دېيەلەيسىز؟ ناھايىتى كەلسە ئىچىڭىزدە بىر نېمىلەرنى دەپ، كۆزىڭىزنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ، گۆلىيىپ قويالايسىز؟ ھېلىقى«چاچقۇ»چاچقۇچى غوجامغا شۇنداق ھۆمىيىۋاتقىنىڭىزدا رېستورانىنىڭ تاملىرىغا ئېسىغلىق تۇرغان:«ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشايلى»دەپ يېزىپ قويۇلغان پىلاكاتلارمۇ كۆزىڭىزگە چۈشۈپ قالىدۇ، تېخى. پاھ، ۋاھ!

«ماگىزىن چاچقۇ»لىرىمۇ كارامەت بولىدىكەن. كۆرگىنىمنى ئېيتسام، سەھرالىق قېرىنداشلىرىمىز كۆرۈپ:«ئايىغىمىز بىلەن كىرىۋېرەمدىغاندۇق، ياكى يالىڭاياغ مېڭىپ كىرىۋېرەمدىغاندۇق»، دەپ ئەندىككىدەك دەرىجىدە پارقىراپ تۇرىدىغان ماگىزىنلاردا مەخسۇس «چاچقۇ»قاچىلىرىنىڭ قويۇپ قويۇلغانلىقىغا قارىماي، كەلسە- كەلمەس سورۇنلاردا سوزۇلۇپ، يېيىلىپ، كەشلىرىڭىزگە يۆگىشىپ يۈرگەن«ماگىزىن چاچقۇ»لىرىنى ناھايىتى قويۇق كۆرەلەيسىز.

مۇندىن خېلى كۈنلەر ئىلگىرى چاپ-چاپ سودا بولىدىغان بىر كۆكتات ماگىزىنىدا كۆكتاتنىڭ ياخشىسىنى جىڭلىتالماي قالغان بىر تېرىككەك خېرىدار بىلەن كۆكتات جىڭلىغۇچى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان دۇەيلىشىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قاپتىمەن. بۇنداق ماجىرانىڭ گىرادۇسىنىڭ بۇغا تىنجىقى كۈنلىرىدىكى تېرمومېتىردەك تېز كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغان ھېلىقى تېرىككەك خېرىدار بېشى پوكەينىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن جىڭلىغۇچىنىڭ يۈزىگە«ئېغىز چاچقۇسى»دىن بىرنى شاققىدە چېچىۋەتتى. ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ قارشى تەرەپنىڭ قاڭشىرىغا تەگكەن «چاچقۇ»ئوقى ئۇنىڭ تەگكەن جايىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەندىن كېيىن، شۇ يەردىن ساقىپ ساڭگىلاشقا باشلىدى. ھەش-

پەش دېگۈچە ئىككى ئوتتۇردا «چاچقۇ» چېچىش «چېگى» باشلىنىپ كەتتى. «چاچقۇ» ئوقىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن خېرىدارلار قېچىشىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاتقاندا قارىسام، ئۇدۇلدىكى تامدا «مەدەنىي سودا قىلىمىز» دېگەن خەت يېزىلغان، شىلىملىرى تېخى قۇرۇپ كەتمىگەن بىر پىلاكات ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. قايسى بىر كۈنى ئەتىگىنى ئاپتوبۇستا ئىككى يولۇچىنىڭ، مەكتەپ قورۇسىدا ئىككى شاكىچىكنىڭ، قورۇيىمىزدا ماي تارتىشىپ قالغان ئىككى قوشنىمىزنىڭ بىر-بىرىگە «چاچقۇ» چېچىشىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرگەنىدىم. يوقىرىقى ئۈچ سورۇندىكى ئۈچلا مەيداندا «گۈزەل ئەخلاق» توغرىسىدىكى پىلاكاتلارنى كۆرگەنىدەك قىلغانىدىم. رادىئو كانىيىدىنمۇ دىكتورنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى داۋاملىق جاراڭلاپ تۇراتتى.

ئويلاپ قالدىمكى، يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەخلاق تەربىيىسى شەھىرىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق ۋاقىتتىكى تەربىيىدىن كۈچلۈك بولغانلىقىنىمۇ ھەممە ئادەم بىلىدۇ. گەرچە، بۇ تەربىيە ئەخلاقنىڭ باشقا ساھەلىرىدە، سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما «كوچا چاچقۇ» لىرىنى چەكلەشتە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمەيۋاتقانلىقىنى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دېمەي بولمايدۇ.

بىز «كوچا چاچقۇ» لىرىنىڭ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئادىمىزاتنىڭ سالامەتلىكىگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىق ئاقىۋەتلىرىنى ئاڭقىرىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ناھايىتى بەتقىلىق ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمىز. بولۇپمۇ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىۋاتقان ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ ئاچچىق ئۈچەيلىرىمىزنى قىرىپ «چاچقۇ» چېچىشنى شۇ كىشى بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ۋە ياكى «ياخشىمۇسىز» دەپ كۆرۈشۈشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ نەقەدەر بىھايالىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمىز. ئەمما، بىلىپ تۇرۇپ قىلىمىز. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزنىڭ بۇ ئادىتىمىز «زىيانلىق» ، «بەتقىلىق» دېگەندەك ئەخلاق تەربىيىلىرى ئارقىلىق شىپا تاپمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بىز ئادىمىزاتنىڭ شۇنداق بىر خۇيىمىز باركى، «بۇ ئىشنى قىلما، زىيانلىق» دېگەنسېرى ھەددىمىزدىن ئېشىپ كېتىمىز. قاراڭ، «كوچا چاچقۇسى» ھەققىدە گەپ بولسا ئاغزى-ئاغزىمىزغا تەگمەي: بۇ «ئادىتىمىز» نىڭ 80- يىللاردىكى «زامانىۋى» كىشىلەرنىڭ راستتىن زامانىۋى مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەتسىز؛ ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىز، ھايا ۋە نومۇسنى بىلىدىغان ياكى بىلەلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئەڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش تارازىسى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتقان بىر بۆرجەك ئىكەنلىكى ھەققىدە قىزىشىپ سۆزلەيمىز.

مانا، «تارازا» ، «بۆرجەك» نىڭ گېپى چىقىش بىلەنلا «كوچا چاچقۇسى» چېچىپ ئۆگىنىپ قالغان بەزىلەر ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، يەنە گېلىنى قىرىشقا باشلىدى:

— تۇفى، شۇنداق تارازاڭنى.

— كوچا - كويلارغا تۈكۈرگەن كىشى مەدەنىيەتلىك ھېسابلانمامدىكەن؟

— شۇنداق بولىدىغان بولسا، مانا ئەمسە: تۇفى، تۇف. مانا ئەمسە، مانا...

1987 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.




www.uyghurkitap.com

## ھېكايەتلەر

**شەيخ سەئدى**

بىر پاكدىل كىشى بىر پەھلىۋاننى راسا غەزەپلەنگەن ۋە ئاغزىدىن كۆپۈك ئاققان ھالەتتە كۆردى. ئۇ كىشى سورىدى: «ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟» (كىشىلەر) جاۋاب بېرىشتى: «ئۇنى پالانچى تىللاپتۇ.»

پاكدىل كىشى دېدى: «بۇ پەسكەش يۈز پاتمان تاشنى كۆتۈرىدۇ، بىراق بىر ئېغىز گەپنى كۆتۈرەلمەمدىكەن؟»

* * *

مەغرىبلىك بىر تىلەمچى ھەلەبنىڭ گەزمال رەستىسىدىكى دۇكاندارلارغا مۇنداق دېگەن: «ئەي بايلار! ئەگەر سىلەردە ئىنساب بولۇپ، بىزدە قانائەت بولغان بولسا، ئۇ چاغدا تىلەمچىلىك ئادىتى دۇنيادىن يوقالغان بولاتتى!»

* * *

دوستلىرىمدىن بىرىگە دېدىم: «سۆز قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتىشنى شۇ سەۋەبتىن ئىختىيار قىلدىمكى، كۆپ چاغلاردا سۆزدە ياخشى - يامان ھەممىسى ئېيتىلىدۇ، ئەمما دۈشمەننىڭ كۆزى يامانىدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ.»

* * *

بىر سودىگەر مىڭ دىنار زىيان تارتقانىدى، ئوغلىغا: «ھېچكىمگە دەپ تاشلىما!» دېدى. ئوغلى دېدى: «ئاتا! سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بويىچە بولسۇن، ئېيتماي، لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويساڭچۇ، مەخپىي تۇتۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟»

ئاتىسى دېدى: «خاپىچىلىق ئىككى بولۇپ قالمىسۇن: بىرى، سەرمايىنىڭ كېمەيگەنلىكى، يەنە بىرى، قوشنىلارنىڭ ئىچى يامانلىق بىلەن خۇشال بولۇشى!»

* * *

ئاڭلىشىمچە، بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن: «كىشى ھەرگىز ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىقرار قىلمايدۇ، پەقەت شۇ كىشىكى، بىرسى سۆزلەۋاتقان چاغدا، سۆز تۈگىمەي تۇرۇپلا سۆز باشلىسا، بۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆز نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى!»

* * *

بىر دانىشمەن ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلاتتى: «جېنىم بالىلىرىم، ھۈنەر ئۆگىنىڭلار،



چۈنكى دۇنيانىڭ مال ۋە بايلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ بولمايدۇ، ئالتۇن - كۈمۈش (دېگەن نەرسە) بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا خەتەر ئۈستىدە دۇر؛ يا ئوغرى سۈپۈرۈپ كېتىدۇ، ياكى ئىگىسى ئاز - ئازدىن يەپ تۈگىتىدۇ. ئەمما ھۈنەر تۈگىمەس - پۈتمەس بۇلاق ۋە ئەبەدىي بايلىقتۇر. ئەگەر ھۈنەرۋەن دۆلىتىدىن يىقىلسا ھېچبىر غەم قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھۈنەر بايلىق، نەگە بارسا ھۆرمەت تاپىدۇ ۋە تۆردە ئولتۇرىدۇ، بىھۈنەر ئادەم بولسا تىلەمچىلىك قىلىدۇ، مۇھتاجلىق تارتىدۇ.

* * *

كۆڭلىمدىكىمىنىڭ ئىچىدە بىر جاراھىتىم بار ئىدى، ئۇستازىم (ئۇنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن!) ھەر كۈنى «قانداقراق؟» دەپ سوراپ قوياتتى، ئەمما «قەيەردە ئۇ؟» دەپ سورىمايتتى. ئۇستازىمنىڭ ئېھتىياتكارلىق بىلەن سۆزلىگىنىدىن شۇنى بىلدىمكى، ھەممە ئەزانى تىلغا ئېلىۋېرىش توغرا ئەمەس ئىكەن. ئاقىللار ئېيتقانىكى: «كىمكى سۆزنى چاغلاپ سۆزلىمەسە، ئاچچىق جاۋاب ئاڭلايدۇ.»

* * *

بىر سادىدا ئادەمنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانىدى، مال دوختۇرىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «كۆزۈمنى داۋالاپ قويغىن» دېدى. مال دوختۇرى چارۋا ماللارنىڭ كۆزىگە سۈرتىدىغان دورىنى ئۇنىڭ كۆزىگە سۈرتكەنىدى، ئۇ، كور بولۇپ قالدى. ئۇلار دەۋالىشىپ ئەدلىيە باشلىقىنىڭ ئالدىغا بارغانىدى، ئۇ، دېدى: «ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ قويغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئادەم ئېشەك بولمىسا مال دوختۇرىنىڭ ئالدىغا بارمىغان بولاتتى!»

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق: بىلگىنكى، كىمكى چوڭ ئىشنى تەجرىبىسىز نادانغا تاپشۇرسا، ئۇ پۇشايمان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاقىللارنىڭ ئارىسىدا كالتە پەم دېگەن ئاتاققا قالىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ھەرگىزمۇ قويماس
تەنتەك ئادەمنى ئۇلۇغۋار ئىشقا.
باپكا بولسىمۇ گەرچە بورىچى،
يولاتماس ئۇنى ئەتلەس توقۇشقا.

---

«گۈلىستان»دىن نەشرگە تەييارلىغۇچى:

ئابدۇۋەلى زەيدىن

## ھېكمەتلەر

**ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا مۇقەففا**

* كىشىنىڭ ئەدەبلىك ۋە پەزىلەتلىك بولۇشى تەربىيە ۋە ئىززەت - ئىكرام تېپىشتىن بولىدۇ، ھەرگىز ئېسىللىق ۋە نەسەبلىك بولۇشتىن ئەمەس.

* تەبىئىيىتى پەس، بېخىللارنىڭ ئالامىتى شۇكى، كىشىنىڭ كىشىگە سېخىيلىق قىلغىنىنى كۆرەلمەيدۇ.

* ياخشى تەدبىر كۆڭۈل يارىسىغا مەلھەمدۇر.

* ھەرقانداق ئىشنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۇنىڭ نەتىجىسىگە نەزەر سالالىغان ۋە قىلغان - ئەتكەن، دېگەنلىرىگە پۇشايمانلىق ۋە پەرىشانلىق كەلتۈرمىگەن كىشىلەر ئاقىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پۇشايمان دۈشمەننىڭ شاد بولۇشى ۋە دوستىنىڭ مالال بولۇشىدىن بۆلەك پايدا بەرمەيدۇ.

* ئارتۇقچە تاما كىشىنى ھايا پەردىسىدىن چىقىرىدۇ. ئورۇنسىز گۇمان ۋە چېكىدىن ئاشقان ھەسەت كىشىنى ئىماندىن چىقىرىدۇ.

* ھىيلىنىڭ تولىسى ھىيلە ئىشلەتكۈچىنىڭ ئۆزىگە زەرەر قىلىدۇ ۋە جازاسى يېتىدۇ. ئاخىرى ھىيلە پەردىسى يىرتىلىپ رەسۋا بولىدۇ.

* يىگىتنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەيزىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. نەيزىنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىش يىگىنىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئوت كىچىك بولسىمۇ پۈتۈن بىر ئالەمنى كۆيدۈرۈشى مۇمكىن.

«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئالىمجان ئازاد

## نەسىھەتلەر

ئائىلىلىك بولمىغان ئادەملەر يولداشسىز ۋە ياردەمچىسىز قالىدۇ، دۇنيادىن نەسىل قالدۇرماي ئۆتۈپ كېتىدۇ، كۆڭۈللىرى ھەر دائىم تەشۋىش ۋە ئەلەم ئىچىدە ئۆتىدۇ، ھەر خىل بۇزۇقچىلىق يوللىرىغا كىرىپ كېتىشلىرى مۇمكىن، مەئىشەت ۋە ھاياتىنىڭ لەززىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇش قۇرۇش بەخت - سائادەت كەلتۈرىدۇ.

* * *

بەرەر كىشى توغرىسىدا ھەركىمگە بەھۇدە، يامان سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈش غەيۋەت دەپ ئاتىلىدۇ. غەيۋەت يامان خۇلۇق - مىجەزلەردىن ھېسابلىنىدۇ. غەيۋىتى قىلىنغان كىشى غەيۋەتخورنىڭ سۆزلىرىنى ئەلۋەتتە ئاڭلىماي قالمايدۇ. ئۇمۇ غەيۋەتخور توغرىسىدا غەزەپلىنىپ، يارىماس سۆزلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ.

غەيۋەت دەپ ئاتالغان بۇ يارىماس خۇلۇق - مىجەز ئىككى دوستنى، ئىككى قوشنىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ. يولداشلىرىڭىز، قوشنىلىرىڭىز بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى خالىسىڭىز، بۇ ناچار قىلىقتىن قېچىپ، غەيۋەتخور - ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە زادى قۇلاق سالماڭ!

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جېلىل مۇھەممەت

## ياخشىلىق ھەققىدە

* ياخشىلىقنىڭ چوڭى يوق، يامانلىقنىڭ كىچىكى.

* ياخشى ئىش قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭلى كۈندىن-كۈنگە تىنچ بولۇر. يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭلى كۈندىن-كۈنگە ئەنسىز بولۇر.

* ھەر كىشىنىڭ ئادەم بولۇپ كامال تېپىشى - ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلىپ يوشۇرغانلىقىدىندۇر.

* مۇلايىم بولۇش، كەمتەر بولۇش، قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇش - ياخشىلىقى زىيادە بولۇشنىڭ ئالامىتىدۇر. تەرسالىق، بىشەمەلىك، ھاكاۋۇرلۇق - پېشكەللىكنىڭ ئىپتىداسىدۇر.

* كىشىنىڭ ئىززىتى ئۇنىڭ كىشىلەردىن تەمە قىلماسلىقى، ئۆزىنى پاك ساقلىشىدادۇر.

* ئەقىللىق ئادەملەر خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىدىن ئەپۇ سورايدۇ.

* ئەقىل - سەن ئۈچۈن نەسىھەت قىلغۇچى ۋەزىردۇر.

* كىمكى سېنىڭ يامانلىق قىلىشىڭغا ياردەم بەرسە، ئۇنىڭ ساڭا زۇلۇم قىلغانلىقى.

* ئەقىلنىڭ يېرىمى خەلق بىلەن كېلىشىشتە.

## ھەقىقەت توغرىسىدا

* سېنىڭ ھەممە كىشىگە ياخشى بولالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ھەقىقەت ئالدىدا ياخشى بولالىساڭ بولىدى.

* پەقەت ھاماقەت كىشىلا نېمىنى بىلمىسە، شۇنىڭغا تۆھمەت چاپلايدۇ. دۇنيادا ھەرگىزمۇ ئەھمىيەتسىز نەرسە يوق.

* تۇرمۇش ئىنتايىن قىممەت ئىمتىھاندۇر. پەقەت ئۈمىدۋار، قەيسەر ۋە تەمكىن كىشىلەرلا بۇ ئىمتىھاندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلەيدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئادالەت ھادىيقىزى






(ھېكايە)

ئەزىز نەسىمن (تۈركىيە)

مۇبادا، شادى ئەپەندى بىلەن تونۇشـ ماقچى بولسىڭىز، ئۇ، كىشىلەر ئېيتقاندەك «چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم»... ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ ئەزەلدىن يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ.

ناۋادا بىرسى ئۇنىڭدىن:

— تۈركىيىدە قانچە سىياسىي پارتىيە بار؟ — دەپ سورىسا: «بىلمەيمەن» دەپلا قۇتۇلۇشنىڭ ئورنىغا مۈرىسىنى چىقىرىپ، ئاغزىنى قىيسايتىپ قويىدۇ. ئۇ، كۆرۈنۈشتە ئېغىر - بېسىق، بۇنداق چاغدا ئۈندىمەي جىم تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ مەندىن ئون ياشلا چوڭ، ئەمما ناھايىتى ئىچى پىششىق، ئۆتۈپ كەتكەن قاقباش، بۇ جەھەتتە ئۇ



ھەقىقەتەنمۇ مېنى ئوقۇتىدۇ. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەرگىز گەپ ئالالمايسىز.

ئۇ، ئايالى ۋە قىزى بىلەن ئىستامبول شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر يېزىغا جايلاشقان ناھايىتى چوڭ بىر داچىدا تۇرىدۇ. بۇ داچا ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغان. داچىنىڭ بىر قىسمىنى ئىجارىگە بەرسە بولاتتى. لېكىن قېرىشقاندەك قىزى ئۇلارنىڭ داچىسىدا ئىجارىگە ئۆي ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بىر يىگىت بىلەن توي قىلىۋالدى. يىگىت ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرگەچكە، شادى ئەپەندى بۇ نىيىتىدىن نائىلاج ۋاز كەچتى.

ئىككىيلەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە يا شەھەر ئەتراپىغا قاتنايدىغان پويىزدا، يا بولمىسا ھەيدەر پاشا پىرىستانىدا — ماتورلۇق كېمىدە ئۇچرىشىپ قالاتتۇق.

مەن يېقىندا ساقسىز بولۇپ قېلىپ تۇپتوغرا بىر ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. ساقىيىپلا خىزمەتكە چۈشتۈم. شادى ئەپەندى ئىككىمىز پويىزدىن چۈشۈپ ھەيدەر پاشا پىرىستانىغا قاراپ ماڭدۇق. بىز بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلاردىن بىرسى ئۇنىڭدىن:

— بۈگۈن ھاۋا قانداق، شادى ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى. شادى ئەپەندى بىر ئېغىز گەپ قىلماي پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كەينىمىزدە كېلىۋاتقان يەنە بىرەيلەن بىزگە يېتىشىۋالدى. بىز مەرمەر پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتۇق.

تىنچلىقمۇ، شادى ئەپەندى؟ — دەپ ئامانلاشتى ھېلىقى كىشى.

— تىنچلىقمۇ؟ — دېدى جاۋابەن شادى ئەپەندى.

— بۈگۈن ھاۋا قانداق، شادى ئەپەندى؟

ھېلىقى ئادەم شۇنداق دەپلا كېمىلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. ئۇ بىز بىلەن بىللە كېتىۋاتقان تونۇش بىرسى ئىدى. مەن شادى ئەپەندىگە قارىدىم، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ بىر قىسما بولۇپ كەتتى... بۇ چاغدا ئۆپچۆرىمىزدىكى ئادەملەر خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تۇشمۇتۇشتىن:

— بۈگۈن ھاۋا قانداق، شادى ئەپەندى؟

— شادى ئەپەندى، بۈگۈن ھاۋا قانداق؟ — دەپ قولاق — مېڭىمىنى يەپكەتتى.

شادى ئەپەندىنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئاچچىقى كەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بىز ماتورلۇق كېمىگە چىقتۇق. كېمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن ئۆز ئورنىمىزنى تېپىپ ئولتۇردۇق. بىز بىلەن كېمىگە چىققان بىر يولۇچى شادى ئەپەندى بىلەن ئامانلاشتى.

— تىنچلىقمۇ، شادى ئەپەندى!

مەن بۇ ئادەمنى تونۇمايتتىم. ئۇ، ياشانغان، مۆتىۋەر ئادەمدەك قىلاتتى. شادى ئەپەندى:

— خۇداغا شۈكرى، ئەپەندى! — دېدى جاۋابەن.

— يېقىنىنگىياقى تەن سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟

— رەھمەت سىزگە، ناھايىتى ياخشى، سىزگە كۆپ رەھمەت.

— ھىم، ھىم! خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. بۈگۈن ھاۋا قانداق، شادى ئەپەندى؟

شادى ئەپەندى خۇددى چايان چېقىۋالغاندەك چىچاڭشىپ كەتتى. ئۇ دەرھال يانچۇقىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ مېنىڭ قەدىناس ئاغىنەم بولغاچقا، مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتىم.

www.uyghurkitap.com

بىز كېمىنىڭ پالوبىسىدا ياندىشىپ تۇردۇق. قانداق گەپ ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنلىكى ماڭا ئايان. لېكىن مەن بىر ھازا ئويلىنىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ زەردىسىنى قايناتماي، دەپ سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالمىدىم.

بىز كېمە قىرغاققا يەتكىچە گەپ قىلىشماي تۇردۇق. قىرغاققا چىقىشىمىزغا كىشىلەر بۇ قەدىناس ئاغىنەمدىن:

— بۈگۈن ھاۋا قانداق، شادى ئەپەندى؟

— شادى ئەپەندى، بۈگۈن ھاۋا قانداق؟ — دەپ چۇۋۇلدۇشۇپ كەتتى.

تۇرۇپ مېنىڭمۇ «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. چۈنكى خەقلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن يالغۇز ئۇنىڭدىنلا «بۈگۈن ھاۋا قانداق؟» دەپ سورايدىغانلىقىنى مېنىڭمۇ بىلگۈم كەلدى. ناۋادا شۇلار قەدىناس ئاغىنەمنى-يۇۋاش، مۆمىن ئادەمنى مۇشۇنداق بىمەنىلەرچە كولدۇرلاتقان بولسا، بۇ زادىلا قاملاشمىغان ئىش-تە.

شادى ئەپەندى ئىككىمىز تىراموايغا چۈشتۇق.

— زادى نېمە ئىش بولدى، شادى ئەپەندى؟ نېمىشقا ھەممىلا ئادەم سىزدىن ھاۋا رايىنى سورايدۇ؟

شادى ئەپەندى ماڭا تازا بىر چەكچىيىپ قارىۋېتىپ:

— سىز تېخى بىلمەمسىز؟ — دەپ ياندۇرۇپ مەندىن سورىدى.

— ياق، بىلمەيمەن.

— ئەمىسە، بۇرادەر، كەچتە كېمىگە چىققاندا دەپ بېرەي، — دېدى.

بىز بېكەتكە كەلگەندە ئايرىلدۇق. مەن ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدا شادى ئەپەندىنىڭ قانداقتۇر كۆڭۈلسىز بىر ئىشقا يولۇققانلىقى ئېنىق ئىدى. ئادەتتە سىپايە، ئېھتىياتچان بۇ ئادەمنىڭ جىمغۇر، خاپىغان بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي كەچ كىرگىچە خاۋۇش يۈردۈم.

كەچ كىردى. بىز پىرىستاننىڭ بېشىدىكى كۆۋرۈكنىڭ يان تەرىپىدە ئۇچراشتۇق.

— مېنىڭ ھازىر ماڭىدىغان ماتورلۇق كېمىگە چىققىم يوق، — دېدى شادى ئەپەندى.

مەن چۈشەندىم. ئۇ مۇشۇ كېمىگە چىقسا، خەقلەر ئۇنى يەنە كولدۇرلىتاتتى. چۈنكى بىز بىلەن بىللە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كېمىگە چىقاتتى.

بىر قېيىقتا يېڭى بېلىق سېتىۋاتاتتى. شادى ئەپەندى بېلىقتىن بىر يېرىم كىلو ئالدى. بىز پىرىستاندا بىر دەم تۇرۇپ، سائەت سەككىزدە ماڭىدىغان ماتورلۇق كېمىگە چىقتۇق. بېلىق ئورىغان قەغەز بولاقنىڭ بىر نەچچە يېرى-يىرتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ شادى ئەپەندى يەنىلا چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. بىز پالوبىدا ئولتۇردۇق.

— سىز راستىنلا بىلمەمسىز؟ — دەپ ئالدى بىلەن ئۇ گەپ باشلىدى. شۇ ئەسنادا كەينىمىزدە تۇرغان بىرەيلەن:

— بۈگۈن ھاۋا قانداق، شادى ئەپەندى؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى.

شادى ئەپەندى گەپ قىلماستىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئىككىمىز كېمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە چۈشۈپ كېمىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە باردۇق. ئۇ، بىلىكىنى پالوبىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى. مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. شادى ئەپەندى بېلىق ئورالغان قەغەز بولاقنى ئاۋايلاپ تۇتقىنىچە يېنىمدا تۇراتتى.

— خۇدا ھەققى، ھەر ۋاقىت ئالدى-كەينىگە قاراپ گەپ قىلىش كېرەككەن، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ، — بىرسى سىزدىن ھاۋا رايىنى سورىسا، ئاڭلىمىغان بولۇپ، شۇئان ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىش، زىنھار گەپ قىلغۇچى بولماسلىق. ئۇ ئاۋۋال سىزدىن ھاۋا رايىنى سورايدۇ. ئارقىدىن خىلمۇ - خىل سوئال سوراپ سىزنى ساراڭ قىلىۋېتىدۇ؛ ئاخىرى بېرىپ سىز بالاغا قالىسىز... ئۇ دەسلەپ ھاۋارايى، ئاندىن يامغۇر توغرىلىق سۆزلەپ كېلىپ يەرنىڭ گېپىگە چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قانداقلارچە گەپكە ئارىلىشىپ قالغىنىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ سەزمەي قالىسىز. توۋا خۇدايىم... ئادەم

ھەر قاچان ئۆزىگە ھېزى بولسا، ئېھتىياتچان ھەم ھوشيار تۇرمىسا بولمايدىكەن! تېخى مۇشۇ يېقىندا ... 15 كۈن بولمىدىغۇ دەيمەن. مەن پويىزغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا ناتونۇش بىر ئادەم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. بىز ئۈچ مىنۇتقىچە لام - جىم دېمەي ئولتۇردۇق. ئۇ بىر چاغدا:

— نېمىدېگەن تىنجىق، نېمىدېگەن ئوسال كۈن بۇ... — دەپ گەپ باشلىدى. مەن ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان گەپ خالتىسى — ۋالاقتەككۇرلەرگە ئەزەلدىن ئۆچ ئىدىم. شۇڭا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردۇم. ئارىدىن ئازىراق ۋاقىت ئۆتتى، ھېلىقى ئادەم مېنى يەنە پاراڭغا تۇتتى.

— نېمىدېگەن ئوسال كۈن بۇ؟ قارىماسىز، ئەپەندى؟ — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن. دېگەن گېپىم شۇ... بىر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلغان بولسام، خۇدا ئۇرسۇن! گېپىگە جاۋاب بەرمىسەم، ئەدەبسىزلىك بولۇپ قالار، دەيتتىمەن.

— بەلكىم بۇ يىل بىرەر قېتىممۇ يامغۇر ياغمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — ئۇ، گېپىنى يەنە داۋام قىلدى. قاراڭ، ئۇ خۇددى دىۋانىدەك كۆزۈمگە كىرىۋېلىۋالدى.

— شۇنداققۇ، ئەپەندى، بەلكىم بۇ يىل بىرەر قېتىممۇ يامغۇر ياغمايدىغان ئوخشىمامدۇ - نېمە؟ — دېدى ئۇ بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ. ئۇ مەندىن خۇدا ھەققى مۇشۇنداق سورىدى. يالغان ئېيتقان بولسام، قان قۇسۇپ ئۆلەي!

— شۇنداق، — دەپ قويدۇم مەن نائىلاج، — نېمە، ياق، يامغۇر ياغىدۇ، دېسەم بولامتى؟ يامغۇر ياغامدۇ - ياغمامدۇ، مەن نەدىن بىلەي؟ بۇ چاغدا ئۇ گېپىنى قورغاقچىلىق ئۈستىگە يۆتكىدى:

— يامغۇر ياغماي، بەك يامان بولدى...

مەن ئىچىمدە بىلىپ تۇرساممۇ، زىنھار ئېغىز ئاچمىدىم.

— ئەپەندى، يامغۇر ياغمىسا، زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ يەنە سورىدى.

— شۇنداق، — دېدىم چىداپ تۇرالماي.

— يامغۇر ياغمىسا، ئاچارچىلىق بولىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە، — بۇ يىل ئاچارچىلىق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھالىمىز خاراب. پۈتكۈل ئاناتولىيە ئېگىزلىكى ئىسسىقتا قاغجىراپ كەتتى.

ئۈستىمىزدە خۇدايىم تۇرۇپتۇ. مەن ئۈندىمىدىم.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەپەندى؟ — ئۇ يەنە سورىدى.

— شۇنداق، — دېدىم نائىلاج.

— ئۇنداق بولسا، ئەپەندى، بىز يەنە

www.uyghurkitap.com

چەت ئەلدىن بۇغداي ئىمپورت قىلىمىزمۇ؟ — دېدى، مەن جىم تۇردۇم.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەپەندى، بىز يەنە چەت ئەلدىن بۇغداي ئىمپورت قىلىمىز!

مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، بۇرادەر، مەن يا تۈركىيىنىڭ سودا مىنىستىرى بولمىسام؟ چەت ئەلدىن بۇغداي كىرگۈزەمدۇ، ئارپا كىرگۈزەمدۇ، مېنىڭ نېمە كارىم؟

— ھەر قانداق نەرسىنى چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلامدۇ، ئەپەندى؟

مەن يا «ياق»، يا «ھەئە» دېمەي دېمىقىمدا «ھىم» دەپلا قويدۇم.

— بۇنداق سىياسەت ئەمدى ئاقمايدۇ، — ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىسا... قاراڭ، گەپ ئەمدى ھاۋارايىدىن ھۆكۈمەت ئۈستىگە يۆتكەلدى. ئۇنىڭ گەپنى بۇنداق يەرلەرگە ئەكىتىدىغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟

— ھۆكۈمەت قاملاشماي قالدى، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەپەندى؟

شۇنداق قىلىپ ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ غەيۋىتىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ھەتتا «ھىم» دېيىشكىمۇ پېتىنالمىدىم. ھاۋانىڭ ياخشى - يامانلىقى، يامغۇرنىڭ يېغىش - ياغماسلىقى توغرىلىق ئاز - تولا بىر نەرسە بىلىمەن. لېكىن، ھۆكۈمەت توغرىلىق! خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! مەن گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم. لېكىن ئۇ مېنى نوقۇشلاپ كەتتى.

— شۇنداق، — دېدىم يەنە ئامالسىزلىقتىن. گېپىگە جاۋاب بەرمىگەن بولسام، ئۇ نوقۇشلاۋەرگەن بولاتتى.

— مال باھاسى ئۆسۈپ كەتتى، كىم بىلىدۇ، ئالدىمىزدا يەنە قانداق تارتقۇلۇ-

قىمىز بار؟ ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئەسلىدە:

— نېمە بولدىڭىز؟ مال باھاسى چۈشۈپ كېتىۋاتامدۇ؟ دېمەكچى بولدۇم. ناۋادا شۇنداق دېسەم، ئۇنىڭ بىلەن باش - ئايىغى يوق دەتالاشتا قالغان بولاتتىم. شۇڭا بۇ ئەبلەختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «ھە-ە» دەپ قويدۇم.

— ھوي، پات ئارىدا چوقۇم چوڭ ئاپەت بولىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە. قاراڭ بىزنىڭ پارىڭىمىز مۇشۇنداق قىلىپ چەكتىن چىقىپ كەتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدىم.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەپەندى؟ — دەپ ئۇ كۆزۈمگە كىرىپالىۋالدى. مەن گەپ قىلمىدىم. بۇ چاغدا ئۇ جەينىكى بىلەن بىقىنىمغا بىرنى سالدى. مەن ئاغرىققا چىدىماي ۋايىۋايلىغىنىمچە «شۇنداق» دەۋەتتىم. ناۋادا سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرغان بولسام، ئۇ چوقۇم مۇشت بىلەن كېلىشتۈرۈپ تۇمشۇقۇمغا سالغان بولاتتى.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەپەندى؟ — ئۇ كوچىلاپ سورىدى. مەن نائىلاج دېرىزىدىن سىرتقا قارىغان بولىۋالدىم. ئېھ، خۇدا، پويىز قاچانمۇ پىرىستانغا يېتىپ بارار؟ دەپ تىت - تىت بولاتتىم. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېمەكچىمۇ بولدۇم. لېكىن شۇنداق دەپ قويۇپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى رودىپايدەك چاپلىشىۋېلىپ ھەدەپ گەپ قىلاتتى. ھەر بىر ئېغىز سۆزدىن كېيىن: «شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەپەندى؟» دەيتتى. جاۋاب بەرمىسەم

www.uyghurkitap.com

جەينىكى بىلەن نوقۇپ ماڭا ئارام بەرمەيتتى. مەن «شۇنداق» ياكى «ھەئە» دەپ سۆزلەپ يېنىدىن نېرىراق كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ ئاخىرى مېنى قىستاپ دېرىزە تۈۋىگە ئەكېلىپ قويدى. مەن چۈشۈپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئۇ بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھالەتلەرنى سۆكسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تىزلىرىمغا شاپىلاقلاپ«توغرىمۇ ـ توغرا ئەمەس، ئەپەندى؟» دەپ تۇرۇۋالاتتى. «شۇنداق» دەپلا قۇتۇلاتتىم مەنمۇ. مەن ئاغرىپ كېتىۋاتقان تىزلىرىمنى ئۇۋۇلايتتىم. بىردەمدىن كېيىن ئۇ مۈرەمنى تۇتۇپ سىلكىشلەپ: «شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەپەندى؟» دېدى ئۇ يەنە. «شۇنداق» دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. راست گەپنى قىلسام، مەن بىرەر ئەبلەختىن ئۆلگۈدەك تاياق يېگەن بولساممۇ، بۈگۈنكىدەك بۇنداق ئازابلانمىغان بولاتتىم. ئۇ، يولدا كەلگەچ نوقۇشلاپ تىزلىرىمغا شاپىلاقلاپ ھالىمنى قويمىدى. ھەيدەر پاشا پىرىستانىغا كەلگەندە، خۇداغا مىڭ قاتلىق شۈكرى، دېۋەتتىم.

ھېلقى ئەبلەخ پويىزدىن چۈشۈپلا كۆزۈمدىن يوقىتى. مەن يەردىن بېشىمنى ئالماي، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. ئىچىمدە، ئۇچراپ قالمىسىكەن، دەيمەن. پىرىستانغا بېرىپ، ماتورلۇق كېمىگە چىقاي دېيىشىمگە، مۈرەمگە كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ قولى تەگدى. مەن شۇئان كەينىمگە ئۆرۈلۈپ تۇرۇپ قالدىم! ئالدىمدا بىر ساقچى تۇراتتى!

ـ سىزنى بىر مىنۇت مالال قىلسام بولامدۇ؟ مەن بىلەن بىللە شۆبە ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ كەلسىڭىز، قانداق؟ ـ دېدى ئۇ.

«شۆبە ساقچى ئىدارىسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تىزلىرىم دىرىلداپ تىترەپ كەتتى. مەن ئۆمرىمدە قانداقتۇر «شۆبە ساقچى ئىدارىسى»نى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدىم. لېكىن بۈگۈن دۆرەم...

مەن نائىلاج شۆبە ساقچى ئىدارىسىغا باردىم. ئىشىكتىن كىرىپلا پويىزدا مېنىڭدىن: «توغرىمۇ ـ توغرا ئەمەسمۇ؟» دەپ توختىماي سوئال سورىغان ھېلقى ئەبلەخنى كۆردۈم. ئۇمۇ ساقچىدا ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ياۋۇزلارچە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى يولۇچىمۇ بار ئىدى. مەن تېخى خىيالىمدا، ئۇنىڭ يولبويى مېنى نوقۇپ، شاپىلاقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بۇ ئىككى يولۇچى ناھەقچىلىققا چىدىماي، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

ـ مەن ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلمايمەن، ـ دېدىم ھېلقى ساقچىغا.

ـ بىرسى سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىپ كەلدى. مانا مۇشۇ ئەپەندى... ـ دېدى ھېلقى ساقچى.

ـ توۋا قىلدىم، توۋا، مەن غەرەزسىز ھالدا ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن «شۇنداق» دەپ قويغۇنۇم ئۈچۈن ئۇ ئەرز قىلىپ مەشىەگە كەپتۇ ـ دە! قاراڭلار، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ غەلىتە ئىشلار بولىدىكەن ـ دە!...

ـ راست، مەن ئەرز قىلىپ كەلدىم، ـ دېدى ھېلقى ئەبلەخ گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ، ـ ماۋۇ ئىككى ئەپەندى گۇۋاھ، ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ھۆكۈمەتنىڭ يامان گېپىنى قىلدى... شۇنداق قىلىپ ئۇ پويىزدا بولۇنغان پاراڭلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا دۆڭگەپ قويدى.

ـ بۇ گەپلەرنى مەن ئەمەس، ئۇ قىلغان، ـ دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ.

— راست، بۇ كەپلەرنى ئۇ قىلغان. لېكىن بۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەستىقلاپ «شۇنداق، شۇنداق» دېدى، — ھېلىقى ئىككى يولۇچى شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەردى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئەبلەخ:

— مەن بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن قەستەن قىلغان، — دېدى. قاراڭ، مەن غەرەزسىز ھالدا «شۇنداق، شۇنداق» دەپ قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپتىمەن.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە شادى ئەپەندى بېلىق ئورالغان قەغەز بولاقنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى.

— بېلىق يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ، — قاراڭ، قەغەز بولاق يىرتىلىپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ شادى ئەپەندى، كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورۇدۇم ئۇنىڭدىن.

— قانداق بولماقچىدى! ساقچىلار كۆزۈمگە كىرىۋالدى. ھەدېسىلا چاقىرىۋاتىدۇ، تا بۈگۈنگىچە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ھازىر سوتنىڭ ئەيىبلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن...

— ھېلىقى ئەبلەخ سىزنى نېمىشقا بىكاردىن - بىكارغا ساقچىغا چاقىدۇ؟

— مەن ساقچىدىن يېنىپ چىقتىم. كەينىمدىن ئۇمۇ چىقتى، — نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— سىز گېپىمنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ پەرۋا قىلماي تۇردىڭىز، مەن سىزنى ساقچىغا بېرىپ ئەرز قىلارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. شۇڭا پويىزدىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ساقچىغا كەلدىم، — دېدى.

— يارايسىز، بۇرادەر، رەھمەت سىزگە، — دېدىم ئۇنىڭغا، — مۇشۇنچىلىك ھالىڭغا، بالا تەگكەن ئاغزىڭنى يىغساڭ بولمامدۇ؟

— نېمە چارە؟ بۇرادەر، بىزنىڭ تۈركىيىدە، ھەقىقەتەنمۇ... ھەي! قورساقتا گەپ جىق، دېمەي تۇرالمايمەن! — دېدى ئۇ بېزەڭلىك بىلەن.

— ھەي، — دېدى شادى ئەپەندى خورسىنغان ھالدا ماڭا، — خۇدا ھەققى! بۇرادەر، ئۆزىمىزگە قاتتىق ئاگاھ بولايلى. ھازىر جىمى ئادەم نارازى، دەردىسە بولۇپ يۈرۈيدۇ. پۇرسەت تاپسىلا، ئۇچرىغان ئادەمگە دەردىنى تۆكىدۇ. بۇرادەر، چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا، ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئادەمگە ئاز گەپ قىلغان ياخشىكەن! ئۇنداقلار دەسلەپتە ھاۋارايىدىن گەپ ئاچىدۇ. بىلەمسىز، ھاۋا رايىدىن! ناۋادا بىرسى سىزدىن ھاۋارايىنى سورىسا، سىز بەدەر تىكىۋېتىڭ! بولمىسا، ماڭا ئوخشاش بالاغا قالىسىز.

مەن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم. بىر پەستىن كېيىن پەقەتلا ئۆزۈمنى تۇتالماي سىناپ بېقىش نىيىتىدە ئۇنىڭدىن:

— بۈگۈن ھاۋا قانداق، شادى ئەپەندى؟ — دەپ سورۇدۇم.

بېلىق ئورىغان قەغەز بولاق قۇلاق تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۈستىبېشىمنى قېقىپ كەينىمگە قارىسام، شادى ئەپەندىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

---

خۇاچىڭ نەشرىياتى تۈزگەن «چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم» دېگەن ھېكايىلار توپلىمىدىن:

ياسىن سېيىت تەرجىمىسى

# ئۆمرىنى بىلگەن ئادەم ئۇلۇغ ئالىي

ئۆمۈر

[illegible]

— ئابدۇراخمان جامى

[illegible]

— ئەلىشىر ناۋائى

ھاياتنىڭ قىممىتى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى بىلەن
ئەمەس، بەلكى [illegible]
[illegible] ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق
بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

— ئەقىل ئۇچقۇنلىرىدىن

ھۆسنخەتلەرنى ئۈرۈمچى 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھاجى ئەھمەت يازغان



ئوقيا ئۇسسۇلى

تۇردى ئېلى فوتوسى



www.uyghurkitap.com

《新疆文化》　综合性文学双月刊（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 1990 - يىل 6 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部・出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆・

印刷：《新疆日报》印刷厂・发行：乌鲁木齐市邮局・订阅：各地邮局（所）・

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：C N 65－1073／I　本刊代号：58－22　定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/I ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن